# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

# 5



جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى شەھەرلىك
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات كومىتېتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

(5)

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى
شەھەرلىك كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات كومىتېتى

赠阅
请交换

1986 - يىل 5 - ئاي

# مۇندەرىجە


تارىخىي ماتېرىياللار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن
خىزمەت قىلىشى لازىم .................................. 1
جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ دۇنياغا كېلىشى
ۋە پائالىيەتلىرى ......... تۇرسۇن ئەمەت رەتلىگەن 32
ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما...
.................................. شېرىپ خۇشتار 63
ئۈرۈمچى ئۇيغۇر سەنئىتى توغرىسىدا ... شېرىپ خۇشتار 91
«بىرلا توپقا تۇتۇپ غەلىبە قىلىش» قورغىنىنىڭ بار-
لىققا كېلىشى ..................... زەن يۈيلىن، 115
.................. ئىبادەت تۇردى تەرجىمىسى
ياقۇپبەگكە قايتۇرما زەربە بەرگەن كۈنلەردە .........
.................................. لۇخەنفىڭ 123
.................. تۇرسۇن ئەمەت تەرجىمىسى
شىنخەي ئىنقىلاۋىنى قوللىغۇچى تۇنجى ئەجدات يىڭ-
جاڭ روزى ھاجىم ............... شېرىپ خۇشتار 136
شىنجاڭدىكى خۇيزۇلار ..................... ماشىيىڭ 171
.................. تۇرسۇن ئەمەت تەرجىمىسى
ئىسلام دىنىنىڭ دۆلىتىمىزدە تارقىلىشى ..............
.......................... لى شىمى، لىيۇمىڭ 206
.................. تۇرسۇن ئەمەت تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تارىخىي ماتېرىياللار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات كومىتېتى

شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات خىزمىتى 1983 ـ يىلى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ پائالىيىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن باشلاندى. 1985 ـ يىلغىچە بولغان 3 يىل ۋاقىت ئىچىدە «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» دىن خەنزۇچە 10 سان، ئۇيغۇرچە 4 سان تۈزۈپ نەشر قىلىندى. «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» غا ۋۇشۇي قانۇن ئۆزگىرىشىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئالدىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۈرۈمچىنىڭ سىياسىي ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت، مائارىپ، مىللىي دىنىي ئىشلار شۇنىڭدەك يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر، يەرلىك تارىخىي ۋەقەلەر، شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى، يەرلىك زور ئىشلار يىلنامىسى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلدى. بىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش، تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرۇش خىز-

مىتىمىز گەرچە كېچىكىپ باشلانغان، تەجرىبىمىز يېتەرسىز، كەسپىي خادىملىرىمىز كەمچىل بولسىمۇ، لېكىن شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئېتىۋار بېرىشى ۋە قوللىشى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى ئارقىسىدا خىزمەتنى باشلاش بىلەنلا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتىرىپ، 4 ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇردۇق. كەسپىي جەھەتتىن سىياسىي، تارىخىي رىيالىلىق ۋە يېزىقتىن ئىبارەت «3 ئۆتكەل» نى ئەستايىدىل چىڭ تۇتتۇق. شۇڭا، نەشر قىلىنغان سانلاردا چوڭ مەسىلەر كۆرۈلمەيلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىدى ۋە بىر قەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

بىرىنچى، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپنى كېڭەيتتى. بىز تارىخىي ماتېرىياللارنى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرۇشتا ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتىرىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىشنى يېتەكچى ئىدىيە قىلدۇق. بىز ئۈرۈمچى «تارىخماتېرىياللىرى» نىڭ 1 ـ سانىنى نەشرگە تەييارلاشتا پىشقەدەم خەلق سەنئەتكارى ئابدۇگۈلنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ «سۇناي 60 يىل مەن بىلەن بىللە» دېگەن ماقالىسىنى رەتلەپ چىقىشىغا ياردەملەشتۇق. ماقالا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ چوڭقۇر تەسىرلەنگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھالدا «شەھەرلىك سىياسى كېڭەشنىڭ ئىلھام بېرىشى بىلەن ياشلىق باھارىم قايتىدىن ئۇرغۇدى» — دېدى، ھەمدە «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 4 - سانىغا بەرگەن «سەنئەت ئائىلىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تارىخى» دېگەن ماقالىسىدا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىشلار-نى بايان قىلىش ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇقىنى مەدھىيىلىدى. خەنزۇ 5 - سانىدا خۇيزۇدىنى ئۆلىما «مالىياگجۇننىڭ ھاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى بىر بۆلۈم خۇي-زۇ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلار سۆھ-بەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆز تەسىراتلىرىنى سۆزلىدى، كۆپ-چىلىك بىردەك «بىز چوقۇم مالىياگجۇننىڭ ھايات ۋاقتىدى-كى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۆگىنىپ، 4 نى زامانىۋىلاش-تۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئۆز ھەسسىمىزنى قوشىمىز» دېيىشتى. 9 - سانىدا «بىر پىشقەدەم ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇتقۇچىنىڭ (تەن گوبىن) ھاياتى ھەققىدە» دېگەن ماقالا ئېلان قىلىن-غاندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا تەن گوبىن بىنا بىللە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئازادلىقتىن كېيىن تارىخىي ئەك-سىلئىنقىلابچى ۋە ئوڭچى قالپىقى كىيگەن، 1980 - يىلى سىياسىتى ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، كېلىشمەسلىكلەرنىڭ قايتا كېلىشىدىن ئەنسى-رەپ ئۆيدە ياتقان 74 ياشلىق خې ۋېيشۈن سەپدىشى تەن گوبىننى ئەسلەپ يېزىلغان ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن،

تەشەببۇسكارلىق بىلەن تارىخىي ماتېرىياللار ئىشخانىمىزغا
كېلىپ «سەيشەنبىلىك» ئۆگىنىش ۋە باشقا ئىجتىمائىي پا-
ئالىيەتلەرگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆگىنىشتە ئۇ:
«كوممۇنىستىك پارتىيە بىزنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، بىز قانداقمۇ
ئۆيدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتالايمىز».— دېدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە
كېڭەش ئەزايىمىز جاڭ شىۋەننىڭ «دادام جاڭ شىنىڭ
هاياتى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن،
جاڭ شۇەن دەرھال ئامېرىكىدىكى تونۇشلىرى ئارقىلىق
تەيۋەندىكى سىڭلىسى جاڭ شىيۇەنگە خەت يازىدۇ. سىڭ-
لىسى جاۋاپ خېتىدە: «كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سېنىڭ دادامنى
ئەسلەپ يازغان ماقالاڭنى كۆرۈشۈمگە ئىشەنچەم كامىل» دەپ
يازىدۇ.

ئىككىنچى، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى كېڭ-
رەكلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. «ئۈرۈمچى
تارىخ ماتېرىياللىرى» دا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار
شەھىرىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك كەسپىي تارماقلارنى، تارىخىي
ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەنگەندىن تاشقىرى، تولۇق بولمى-
غان مەلۇماتقا قارىغاندا، «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللى-
رى»دا ئېلان قىلىنغان تارىخىي ماقالىلاردىن 21 پارچىسى
دۆلەت ئىچى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گې-
زىتلەر تەرىپىدىن، 3 پارچىسى مەملىكەتلىك سىياسى كې-
ڭەشنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى تەرىپىدىن، 4 پار-
چىسى خەلق گېزىتى نەشرىياتى تەرىپىدىن قايتا بېسىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دى. بۇندىن باشقا «ماۋ دۇننىڭ شىنجاڭدىكى ئىنقىلاۋىي مەدەنىيەت پائالىيىتى» دېگەن ماقالا مەملىكەتلىك ماۋدۇن تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ژورنىلى تەرىپىدىن، «چاڭبەيسەنخېيلۇڭجياڭدىن تىيانشان ئېتىكىگىچە»، «شەرقىي شىمال پىدائىلار ئارمىيىسىنىڭ ئوقۇتۇش لىيەنى»، «ئۈرۈمچىگە چېكىنىپ كەلگەن شەرقىي شىمال پىدائىلار ئارمىيىسى» دېگەن 3 پارچە ماقالا لياۋنىڭ ئۆلكىلىك پارتىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش ھەيئىتىنىڭ ژورنىلى تەرىپىدىن قايتا بېسىلدى. يەنە 11 پارچىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايون ۋە شەھرىمىز تەرىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتقان، «تيانشان ئېكرانى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «ئۈرۈمچى سەھىيە گېزىتى»، «ئۈرۈمچى ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارى» تەرىپىدىن قايتا بېسىلدى. بۇندىن باشقا، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ۋە شەھەرلىك 1-، 2- ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەر «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ قىسمەن ماقالىلىرىنى تاللاپ ئىشلەتتى. 10- سان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تارىخىي مەخسۇس سان) نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار تەشۋىقات ماتېرىيالى سۈپىتى ئالدى بىلەن 100 نۇسخىدىن سېتىۋالدى.

ئۈچىنچى، تارقىتىلىش دائىرىسى كېڭەيگەنلىكتىن يەنىمۇ كۆپ كىتابخانلار بىلەن ئالاقە باغلاندى. «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ ئالدىنقى 5 سانى (خەنزۇچە) ياشلار

نەشرىياتىدا نەشر قىلىنىپ، شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان ئىدى، نەشر قىلىش تەننەرقى راسخوتىنىڭ ھەممىسىنى بىز ئۈستىمىزگە ئالغانلىق سىرتىدا نەشرىيات 14% نەشر ھوقۇقى راسخوتى، كىتابخانا 30% تارقىتىش راسخوتى ئالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكى جەھەتتىن تارقىتىلغاچقا كىتابخانىلار ئاسانلىقچە سېتىۋالالمايتتى، 6 ـ ساندىن باشلاپ ئۆزىمىز تۈزۈپ، ئۆزىمىز نەشر قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىز تارقىتىش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق. تىراژى گەرچە پەقەت 2000 نۇسخا بولسىمۇ، ئالماشتۇرۇش، سوغا قىلىش، پوچتا ئارقىلىق سېتىش، ۋاكالىتەن سېتىشقا ھاۋالە قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر ۋە ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر، ناھىيىلەرگە بىۋاسىتە تارقاتتۇق. شەھەرلىك كۇتۇپخانا ھەر ساندىن 100 نۇسخا سېتىۋالدى. ئىچكىرىدىكى ھەر قايسى چوڭ كۇتۇپخانىلار بىلەن ئالماشتۇردۇق، جۇڭگو تارىخىي كىتابلار كىتابخانىسى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىچۇەن، سانجى، غۇلجا قاتارلىق ئورۇنلاردىكى سىياسى كېڭەشلەر بىر قىسمىنى ۋاكالىتەن سېتىپ بەردى. جۇڭگو تارىخىي كىتابلار كىتابخانىسىنىڭ شېنجېندىكى دۇكىنى ئارقىلىق شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغىچە تارقىتىلدى. تارقىتىلىش دائىرىسى كېڭەيگەنلىكتىن، شەھىرىمىزدىكى كىتابخانىلار خالىغان ۋاقىتتا سېتىۋېلىپلا قالماستىن، سىرت جايلاردىكى كۆپلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گەن كىتابخانىلارمۇ شەھىرىمىزدىكى تونۇش-بىلىشلىرى ئار-
قىلىق ياكى بىۋاستە ئالاقىلىشىپ سېتىۋالالايدىغان بولدى.
ئالايلۇق، گومىنداڭ شاڭخەي شەھەرلىك ئىنقىلاۋىي كومى-
تېتى پۇل ئەۋەتىپ نەشرىدىن چىقىدىغان هەر سانىدىن
پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىشتىن تاشقىرى بۇرۇنقى سان-
لىرىنىمۇ تولۇقلاپ ئەۋەتىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلغان.
شامىندىكى تارىخىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر زات
كېڭىشىمىز ئەزاسى شۇنشىداغا هاۋالە قىلىپ هەرسانىدىن
2 نۇسخىدىن سېتىۋالدى. غۇلجىدىكى لى باۋگوي، لى ئېبىن
يولداشلار خەت يېزىپ هەرسانىدىن 5 نۇسخا سېتىۋېلىشنى
تەلەپ قىلدى. هەممە ۋاكالەتەن سېتىپ بېرىشنى خالايدى-
غانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتىمىز-
نىڭ ئەزالىرىدىن جىن‌گوجىن، ليۇدېخې قاتارلىقلار سىرت
ناهىيىلەردىكى ئۇرۇق - تۇققان، دوستلىرى ئارقىلىق هەر
سانىدىن نەچچە يۈز نۇسخىنى ۋاكالەتەن سېتىپ بېرىپ
كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە
ئىشلىگەن سىرت جايلاردىكى زاتلار «ئۈرۈمچى تارىخ ما-
تېرىياللىرى» ئۈچۈن قىزغىنلىق بىلەن ماقالا ئەۋەتىپ تۇر-
دى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدى-
كى ناهىيىلەر ۋە بېيجىڭ، شاڭخەي، خاربىن، لەنجۇ، شى-
ئەن قاتارلىق جايلاردىن ئەۋەتىلگەن ماقالىلاردىن 15 پار-
چە تاپشۇرۇۋالدۇق. (7 پارچىنى ئېلان قىلدۇق)، بۇ
«ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى-

نى يەنە بىر تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.
تۆتىنچى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بەزى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» دا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بەزى قىيىن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى جەھەتتىمۇ قىسمەن رول ئوينىدى. مەسىلەن: فرانسىيىلىك مەلۇم بىر ئەرباب، 1983 - يىلى، دۆلىتىمىز تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن جۇڭگو - فرانسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىدە قالدۇرۇپ كەتكەن بىر قابىدىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى خادىملار «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 1 - سانىدىكى «جۇڭگو - فرانسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ خاتىرىسى»دېگەن ماقالىنى كۆرۈپ قېلىپ بۇنى يىپ ئۇچى قىلغان ھالدا تەكشۈرۈپ ئىگىلەش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئادەم ئەۋەتكەن: بىز ئۇلارغا مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورى لىيۇ دېخې ۋە 1931 - يىلى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل بولغان مويىسىپىت فەن جىڭلىننى تونۇشتۇردۇق. ئۇلار ئارقىلىق فرانسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋاقىتتا ئولتۇرغىنى فرانسىيە سەيتىلويىن ئاپتوموبىل زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن سەككىز دانە ئاپتوموبىلى بولۇپ، ئۇچاغدا ھېچقانداق قابىدىنىڭ يوقلۇقى، فرانسىيىلىك ئەرباپنىڭ تەلىۋى ئوچۇقتىن - ئوچۇق پوپوزا قىلىش ئىكەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىكى ئىسپاتلاندى. يەنە، شەھىرىمىزنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى غەربىي چوڭ كۆۋرۈكتە ئولتۇرۇشلۇق ما فامىلىلىك نەۋرە ئاكا - ئۇكىلارنىڭ مىراسخورلۇق ماجراسىغا ھۆكۈم چىقىرىشتا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى بىلمەگەنلىكتىن قىينالغان، لېكىن ئۇلار «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 7 - سانىدىن «ماجۇڭيىڭنىڭ دىخۇاغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدى - كەينى» دېگەن ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال كومىتېتىمىزغا ئادەم ئەۋەتىپ، 1933 - يىلى 2 - ئايدا ماجۇڭيىڭ، ماشىمىڭنى ئەۋەتىپ دىخۇاغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، غەربىي چوڭ كۆۋرۈكتىكى ئاھالىلەرنىڭ قورا - جايلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىك ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. دەۋاگەر تەلەپ قىلغان بوۋىسىنىڭ زېمىنى شۇۋاقىتتىكى ئۇرۇشتا كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى، شۇنىڭدەك جاۋاپكارنىڭ ھازىرقى قورا - جايى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى تىنجىغاندىن كېيىن يېڭىدىن سېلىنغانلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، بۇ دەۋا مۇۋاپىق ھەل قىلىندى. بۇ خىلدىكى ئەھۋاللار خېلى كۆپ، بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

3 يىلدىن بۇيان تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئالغان ئاساسلىق تەسىراتىمىزنى تۆۋەندىكى 3 نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ئىجتىمائىي كۈچلەرگە تايىنىپ يېزىقچىلىق قوشۇنى تەشكىللەپ تارىخىي ماتېرىياللارنى تەھرىر-

لەش خىزمىتىنى ياخشىلىدۇق.

هازىرقى ئەھۋالدا، بەلگىلىك ساندىكى مەخسۇس كەسپىي خادىملارنى تاللاپ ئىشلىتىش مۇمكىن ئەمەس، بىز كومىتېتتا تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان 2 ئەزانى تايانچ قىلغان ھالدا جەمئىيەتتە مەلۇم ئابرويغا ئىگە، مەلۇم تارىخىي بىلىمگە ۋە يېزىقچىلىق قابىلىيىتىگە ئىگە ھەمدە يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللار ئۈچۈن قىزغىنلىق بىلەن تۆھپە قوشۇشنى خالايدىغان ئىجتىمائىي زاتلارنى تاللاپ يېزىقچىلىق قوشۇنى تەشكىللىدۇق. 3 يىلدىن بۇيان، تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات كومىتېتىمىز يېزىقچىلىققا رەسمىي تەكلىپ قىلغان خادىملار 20 ئادەمدىن 58 ئادەمگە كۆپەيدى. بۇلار خەنزۇ، ئۇيغۇر، مانجۇ، خۇيزۇ، تاتار، ئۆزبېك، قازاق، داغۇردىن ئىبارەت 8 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېشى 60 تىن ھالقىغان، خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىش ۋە پېنسىيىگە چىققان ئىجتىمائىي زاتلار، ھەتتا بەزىلىرى 80 ياشتىن ھالقىغانلار. بۇنىڭ ئىچىدە 12 نەپىرى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ «سەيشەنبىلىك» ئۆگىنىشى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرگە تولۇق قاتنىشىپ كېلىۋاتىدۇ. كومىتېتىمىزنىڭ دائىملىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇشى ئارقىسىدا بۇ قوشۇن: ماقالا تەشكىللەش، يېزىش، تەھرىرلەش، سىلىشتۇرۇش، مەسلىھەت بېرىپ خىزمەت قىلىش، ئالاقىلىشىش ـ تارقىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە زور رول ئويناپ كەلمەكتە. بۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نۆۋەتتە بىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىمىزنى قانات يايدۇرۇشىمىزدىكى ئاساسلىق كۈچ. بۇ ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ شەھىرىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى ئاكتىپ تۆھپە قىلىشىدا بىز ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە تەدبىرلەرنى قوللاندۇق. (1) ئىختىيارىي پىرىنسىپ ئاساسىدا كېڭىشىمىزنىڭ «سەيشەنبىلىك» ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىغا قوبۇل قىلدۇق. ئۆگىنىشتە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت، تورلۇك دوكلات، ئىچكى - تاشقى پەن-تېخنىكا خەۋەرلىرى، ئېقىم سىياسەتلىرى يەتكۈزۈلگەچكە ئەتراپلىق ئاڭلاش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى؛ (2) تورلۇك ئېكسكۇرسىيە، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق ھېسسىياتى ۋە شەرەپ تۇيغۇسى يۇقىرى كۆتىرىلدى؛(3) تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ھەمدە مەلۇم ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ماقالا يازغۇچى خادىملار سىياسى كېڭەش ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى؛ (4) ئۇلارنىڭ ماقالا يېزىش ۋە تەشكىللىشىگە ياردەم بەردۇق. تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات كومىتېتىمىز بەلگىلىك ۋاقىتتا ماقالا تەشكىللەش ۋە ماقالا تەكشۈرۈش يىغىنى چاقىرىپ، تاللانغان تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇلارنىڭ ئىختىيارىي تاللىشىغا سۇندۇق. يېزىش جەريانىدا پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدۇق. ماقالىلارنى بىر تە-

رەپ قىلىشتا ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قايتا-قايتا تولۇقلاپ ۋە تەكرار تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، پايدىلىنىش نىسبىتىنى 90% تىن يۇقىرىغا كۆتەردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنى بەزى «جىددى قۇتقۇزۇش»قا تېگىشلىك جانلىق ماتېرىياللارنى زىيارەت قىلىشقا تەشكىللەپ، رەتلەپ چىقىپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن مۇۋاپىق قەلەم ھەققى بەردۇق؛ (5) نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئەزا ۋە ماقالا يازغۇچى خادىملارنى ئالاقىدار يىغىن ياكى «سىياسى كېڭەش خەۋىرى»دە تەقدىرلىدۇق؛ (6) ئايرىم قىيىنچىلىقى بار زاتلارغا قەرەللىك ياكى قەرەلسىز تۆردە 30 سوم، 50 سومدىن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى. يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەر قوللىنىلغانلىقتىن يېزىقچىلىق قوشۇنىدىكى خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقى جارى قىلدۇرۇلدى. ئالايلۇق، ليۇدېخې، جىن گوجىن ئىككى يولداش تارىخىي ماتېرىياللار ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتىگە دائىم قاتنىشىپ ئاكتىپ ماقالا يېزىپلا قالماستىن، ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي چىتەي، جىمسار، فۇكاڭ، سانجى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئالاقىلىشىپ ماقالا تەشكىللىدى.

ئىككىنچى، سىياسى مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، رايوننىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈردۇق.

گەرچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «ھەر خىل قاراش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش»قا بولسىمۇ، لېكىن شەھىرىمىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەركىزى، كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان شەھەر. شۇڭا، بىز-
نىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى تەھرىرلەش كۆز قارىشىمىز
مۇقەررەر ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جاي-
لىرى ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆر-
سىتىدۇ. شۇڭا، بىز «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى»غا ما-
قالا تەشكىللەشتىن تاكى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرۇشقىچە
بولغان جەرياننىڭ ھەممىسىدە تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق
سىياسى مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى
كۆتىرىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا 4 ئاساسىي پىرىنسىپتا
چىڭ تۇرۇپ ئىنجابى خاراكتېرلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قې-
زىشنى ئاساس قىلدۇق، ئاز ساندىكى سەلبى ۋەقە ھەم
سەلبى شەخسلەر توغرىسىدىكى بايانلارنىمۇ تەنقىدىي يو-
سۇندا ئىشلەتتۇق. بەلگىلىك تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە
ئىگە بەزى ماقالىلارنى گەرچە ئايرىم ۋاقىت ئادەم ئىسمى
ۋە ۋەقەنىڭ جەريانى جەھەتلەردە ئېنىقسىز جايلىرى بو-
لۇپ، ھازىرچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا قىيىن بولغانلىرىنىمۇ
ئىشلەتتۇق. ئىلان قىلىنغاندىن كېيىن، جايلاردىن تولۇق-
لىغان ۋە تۈزىتىش بېرىپ يازغان خەتلەرنى تاپشۇرۇۋال-
دۇق. بۇنىڭ بەزىلىرىنى قىسقارتىپ ئىلان قىلدۇق، يەنە
بەزىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن ئىلان قى-
ماقچىمىز. كىتابخانلار ئۆز خەتلىرىدە: «مانا بۇ، تارىخقا
مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى» دەپ ئىنكاس قىلىشتى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى قورۇق

گەپ سېتىلىپ ئاساسسىز نەرسىلەر يېزىلغان ياكى ھەقىـ
قەت ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنىپ، راست، يالغان ئارىلاشـ
تۇرۇۋېتىلگەن ماقالىلارنىڭ بىرنىمۇ ئىشلەتمىدۇق.
رايوننىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە، تارىخىي
ماتېرىياللىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەـ
ھەتتىكى ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردۇق. 3
يىلدىن بۇيان، بىز مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئىجابىي جەـ
ھەتىدىن ماتېرىيال قېزىپ، ماقالا تەشكىللىدۇق. ھازىر
نەشردىن چىققان 10 سان (خەنزۇچە) «ئۈرۈمچى تارىخ ماـ
تېرىياللىرى»غا مىللىي، دىنىي ئىشلارغا دائىر 62 پارچە
ماقالا كىرگۈزۈلدى. بۇ ئېلان قىلىنغان ماقالا سانىنىڭ
42% نى تەشكىل قىلىدۇ. جۈملىدىن 10 ـ سان (ئۈرۈمچى
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تارىخىي مەخسۇس سان)ى نەشر
قىلىنىپ 10 مىللەت ئاپتورلىرى يازغان ماقالىلار كىرگۈـ
زۈلدى. بۇ ماقالىلاردا ھەر قايسى تەرەپتىن مىللىي ئىتتـ
ىپاقلىققا ئائىت كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ۋەقەلەر بايان
قىلىندى. مەسىلەن: ياقۇپبەگنىڭ ئۈرۈمچىگە قوراللىق
باستۇرۇپ كىرىشكە قارشى كۈرەش ھەققىدە يېزىلغان بىر
نەچچە پارچە ماقالىدا، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى قايـ
تۇرۇۋېلىشىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە خەنزۇ دېھقانلار
قوشۇنىنىڭ باشلىقى شۈي شۇگۇڭ بىلەن خۇيزۇ دېھقانلار
قوشۇنىنىڭ باشلىقى ماسىڭنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈـ

رەشتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغان تارىخىي تۆھپىسى تەكىتلەندى. ماجۇڭيىڭنىڭ ئۆلكە مەركىزىگە 2 قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە ماچۇەنلۇنى نەنسەنگە ئەۋەتىپ مىللىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە يېزىلغان نەچچە پارچە ماقالىدا، خەنزۇ، خۇيزۇ خەلقىنىڭ ئورۇشتا بىر - بىرىنى قوغدىغانلىقى، بىر - بىرىگە يۆلەنگەنلىكىدەك تەسىرلىك ئىشلار تەپسىلى بايان قىلىندى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىيالىلىرى»نىڭ نەشر قىلىنىشى دەلىل - ئىسپاتلىق تارىخىي خاتىرىلەرنى ئاكتىپ بايان قىلىش ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بەزى پاسسىپ قاراشلارنى ئۆزگەرتتى. بىرئېلان قىلىنغان ماقالىلار كىتابخانلارنىڭ بەزى خاتا قاراشلىرىنى تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم بەرگەنلىكى ھەققىدىكى ئىنكاسلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تارىخىي ماتېرىيالىرىمىزدا چىڭ تۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىشەنچىمىز تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇندىن باشقا دىنغا توغرا مۇئامىلە قىلدۇق. دىن ۋە دىنىي مەسىلە ھامان مىللەت ۋە مىللىي مەسىلە بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ. ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر، قازاق، تاجىك، خۇيزۇ قاتارلىق 9 مىللەت ئاساسەن «ئومۇمخەلق دىنغا ئېتىقات قىلىدۇ». گەرچە بۇ 9 مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى، ئۆرپ - ئادىتى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشاپ كەتمىسىمۇ ياكى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بولسىمۇ بىراق دىنىي كۆز قاراش

جەھەتتە پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا. بىراق، بىز شۇنى ھەرگىز ئىنكار قىلمايمىزكى، ئازادلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تىكلىنىشى، سوتسىيالىستىك ماددى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ كۈنسايىن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشى ئارقىسىدا، كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ئىدارە قىلىۋالغان دىنىي كۆز قاراشلاردىمۇ دەۋر ئېقىمىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ خىل ئۆزگىرىش ماددىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن. خۇددى ماركس، ئېنگېلس مۆلچەرلىگەنگە ئوخشاش: «روشەنكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قېتىملىق زور تارىخىي ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ كۆز قاراش ۋە ئېڭىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ، بۇ دېمەكلىك، كىشىلەرنىڭ دىنىي قارىشىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ — دېگەنلىكتۇر» (ماركس - ئېنگېلس توپلىمى 7 - كىتاب) بىز تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار دىنىنىڭ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان تەرىپىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە دىنىنىڭ نۆۋەتتە يەنىلا ئۇزۇن مۇددەتلىك، ئاممىۋى خاراكتېرلىق، مىللەت خاراكتېرلىق ۋە مۇرەككەپلىك تەرىپىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك؛ شۇڭلاشقا، دىنىنى، چوقۇم تارىخىي ماتېرىياللىرىم ۋە دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزىم نۇقتىسىنەزىرىدە تۇرۇپ چۈشىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

3 يىلدىن بۇيان، بىز دىنىي مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا دائىر مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى كەسكىن، ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردۇق. مەركىزىي كومىتېتنىڭ (1982) 19 ــ نومۇرلۇق «دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىنىي مەسىلىگە دائىر ئاساسىي قاراش ۋە ئاساسىي سىياسەت» دېگەن ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇردۇق. كونكرېت خىزمەتتە «5نى قىلماسلىق» پرىنسىپىدا چىڭ تۇردۇق:

(1) ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى كۆمۈپ قويماسلىق. تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى ئارقىلىق دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىمەدھىيىلىدۇق. ئەمەلىيەتتە ئۇلغار ئىددىيىلەر تەشۋىق قىلىندى. بەزى تارىخىي شەخسلەر گەرچە خېلى كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ دىنغا قارىتا بىر تەرەپلىمە قارىشى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭئىلغار ئىش ئىزلىرى ھازىرغىچە كۆمۈلۈپ كەلگەن ئىدى. مەسىلەن: بىر تۆمۈر تاجىلىق داۋجاۋ (تەرىقەت دىنىي) مۇخلىسى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ، ئۆمۈربويى غېرىپ ــ ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلىغان، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا كۆپ ئىئانە تەقدىم قىلىپ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىگەن. لېكىن ئۇنىڭ ئەسلى مىللىتى خۇيزۇ بولۇپ، دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ تە-

رىقەت دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقتىن پىشقەدەم خـۇيزۇلار
ئۇنى «دىنىنىڭ خـائىنى» دەپ ئـەيىپلەپ كـەلگەن ئىدى.
بىز ئۇنىڭ هاياتى توغرىلىق «تۆمۈر تاجىلىق تەرىقەتدى-
نىي مۇخلىسىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» دېگەن بىر پارچە
ماقالىنى رەتلەپ چىـقىپ ئېـلان قىلغاندىن كـېيىن، هەر
قايسى تەرەپلەرنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى. يەنە
بىر مىسال: چىڭسۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىنگونىڭ دەسلەپكى
يىللىرىدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئاق-
ساقىلى روزى هاجىمنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ هەج - تا-
ۋاپ قىلغان هەمدە ئۈرۈمچىدە مەسچىت سالدۇرغان دىنىي
ئەرباپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تـەسىرى دىنىي ساهە-
دىكىلەر ئىچىدىلا ساقلىنىپ كەلگەن، ئەمەلىيەتتە روزى ها-
جى شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن قوراللىق قـوزغىلاڭ كۆ-
تەرگەن ئىنقىلاۋىي پارتىيىدىكىلەرگە ماددى ياردەم بەر-
گەن. شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ئۇ يەنە تەشەببۇسكار-
لىق بىلەن هەر مىللەت سودىگەرلىرى بىرلىشىپ تـىجارەت
قىلىدىغان ئۇستى يېپىق بازار سالدۇرغان. مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۆهپە قوشقان. يېقىندا ما-
قالا يازغۇچى خادىمىمىز شـىرىپ خـۇشتار، روزى هاجىم-
نىڭ هاياتىغا دائىر بىر ماتېرىيالنى رەتلەپ چىقتى. ما-
قالىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، روزىهاجىمنىڭ ئىلغار ئىش-
ئىزلىرى ئۇنىڭ مـەسچىت سالدۇرغىنىدىن كـۆپ هالقىپ
كەتكەن. 50 - يىللاردا قازا تاپقان خۇيزۇ دىنىي ئـۆلىما

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مالىيا ئىگىلىرىنى ئالساق، مۇسۇلمانلار ئىچىدە يۇقىرى ئىززەت ــ ئابرويىغا ئىگە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئەرباپ. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىدا بەلگىلىك تۆھپە قوشقان. «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى»دا «مالىيا ئىگىلىرىنىڭ ھاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» دېگەن ماقالا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھەر قايسى تەرەپتە كۆچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

(2) ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن چەتنىمەسلىك. «سول»چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە بەزى يولداشلار دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدە ئېغىز ئېچىشتىن ئۆزىنى قاچۇرسا، يەنە بەزىلەر «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى» دەپ دىنىي زاتلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەركەتلىرىنى پاش قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي كەلدى. بىز تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات خىزمىتىدە تارىختا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئەينى بويىچە بايان قىلدۇق. رىياللىقتىن ئۆزىمىزنى چەتكە قاچۇرمىدۇق ۋە رىيال ئەھۋاللارنى يوشۇرمىدۇق. مەسىلەن: «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى»دا، خىرىستىيان دىنىي پوپى ئىجابىي تەرەپتىن يېزىپ چىققان «شىنجاڭ خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي ھەققىدە»نى ئېلان قىلدۇق. شۇنداقلا چەتئەللىك خىرىستىيان دىنىي پوپلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى جاسۇسلۇق ھەركەتلىرى توغرىسىدىكى ئارخىپ ماتېرىياللاردىن 3 پارچە ماقالىنى ئېلان قىلدۇق. ئەگەردە تارىخىي ماتېرىياللار ــ «ھەر خىل قاراش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش» دېيىلسە، ئۇنداقتا بىز

بىر تەرەپ قىلغان خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ماتېرىياللىرى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا شىڭشىسەي «ئىلغار»لىق تونىغا ئورىنىۋالغان مەزگىلدە ئۇرۇمچىدىكى تارىخىي قىممەتكە ئىگە كۆپلىگەن قەدىمىي ئىبادەتخانا ۋە بۇتلارنى ئاساسىي جەھەتتىن بۇزۇۋەتكەن ئىدى. يېقىندا بۇددا دىنىي جەمئىيىتى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن بىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بىز ھەم قەدىمىي بۇتخانىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار ۋە سۈرەتلەرنى ئەينەن ئېلان قىلىپ، بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن بىرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەكلىۋىنى بەردۇق. بەزىلەر: سىلەر «كونىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ كەينىگە چېكىنىدى» دېگەن قالپاقنى كىيىپ قېلىشتىن قورقماسلەر دېيىشتى. بۇنىڭغا، بىز ياق! بىزنىڭ بۇنداق ئىشلىشىمىز پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە ئۇيغۇن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، شەھىرىمىزنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش ئېھتىياجى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ جاۋاپ بېرىمىز.

(3) دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ئاممىنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بەرمەسلىك. دىن بولۇپمۇ ئىسلام دىنىي شىنجاڭدا كەڭ ئاممىۋى خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقتىن، دىنغا توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى — ئاممىغا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدۇر. بىز تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىدە گەرچە «ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىق» پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرغان بولساقمۇ بىراق بەزى مەسىلىلەردە

www.uyghurkitap.com

بولۇپمۇ دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ئاممىنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بېرىدىغان مەسىلىلەردە مۇۋاپىق تۈردە جانلىق ئۇسۇللارنى قوللاندۇق. مەسىلەن: «مۇسۇلمان خان» تومىڭ (تودېلىن) مەسىلىسىدە، بىز بىر ماقالىدا تومىڭنىڭ دىنىي بايراقنى كۆتىرىپ چىقىپ ئۈرۈمچىدە «خان قەلئەسى» (ھازىرقى ئىتتىپاق يولىدا) ياساپ ئۆزىنى«مۇسۇلمان خان» دەپ ئاتىغانلىقى ھەمدەياقۇپبەگ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئۈرۈمچىدە مىللىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكى ھەققىدە يازغان ئىدۇق. بۇماقالىنى مۇزاكىرىگە سالغاندا ئايرىم خۇيزۇ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى: تومىڭ — «چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان خۇيزۇخەلق قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلغان جىنايەتچى ئەمەس» دەپ قارىدى. ماھىيەتلىك مەسىلىدە پىكىر ئىختىلاپى بولغانلىقتىن بۇ ماقالىنى ئېلان قىلمىدۇق. يەنە بىر مىسال، «شىنجاڭ خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي ھەققىدە» دېگەن ماقالىغا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ بىر نەچچە كۇپلېتلىق شېئىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ بۇنىڭدا «ئاللا! سەن ئىنسانىيەتكە بەخت ئاتا قىلغۇچى — شەپقەتچىمىز!» دېگەندەك مىسرالار تەكىتلەنگەن. بىز بۇ ماقالىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئەسلى تېكىستىكە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى لايىق تاپتۇق. بىراق ئاپتور، «بۇمۇخلىسلار ئىبادەت قىلغاندا چوقۇم ئوقۇلىدىغان شېئىر» ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ — دەپ قارىدى. بىز ئاپتورنىڭ رايى

بويىچە ئىش كۆردۇق. ئەمەلىيەت، بەزى تالاش - تارتىش
بولغان زور مەسىلىلەر ياكى ئانچە مۇھىم بولمىغان ئۇش-
شاق مەسىلىلەرگە قارىتا جانلىق ئۇسۇل قوللانغاندا ئىت-
تىپاقلىقتا، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى
كېڭەيتىشكە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

(4) مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە ئارىلاش-
ماسلىق. ئۈرۈمچىدىكى دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ھەر مىل-
لەت ئاممىسى ئىچىدە دىن كۆپ، مەزھەپ مۇرەككەپ. ئىس-
لام دىنى ئىچىدە شۇنداق بولۇپلا قالماستىن،
خىرىستىيان دىنى، بۇددا دىنلىرىدىمۇ شۇنداق. بىز تارىخىي
ماتېرىياللار خىزمىتىدە دىنىي مەزھەپلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا
مەركەز ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن «ئوخشاشلىقتا
بىرلىككە كېلىپ، پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىش»، «ھەر قايسى
ئۆز يولىدا مېڭىش، بىر بىرىگە ئارىلاشماسلىق» فاڭجېنىدا
چىڭ تۇردۇق. سىياسىي جەھەتتىكى ئوخشاشلىقتا بىر-
لىككە كېلىپ، ئىدىيە، ئېتىقات جەھەتتىكى پەرقلەرنى ساق-
لاپ قالدۇق. ھەر قايسى دىنىي مەزھەپلەرگە ئوخ-
شاش مۇئامىلە قىلدۇق. بىرى بىلەن يېقىنلىشىپ يەنە بى-
رىنى چەتكە قاقمىدۇق. مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش
ئۈچۈن بۇددا دىنىدىكى لىمىن ۋە ھىنايانا مەزھىپى ھەق-
قىدە بىر تارىخىي ماقالە يېزىپ، «لىمىن ۋە ھىنايانا ئى-
بادەتخانىسى» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلدۇق. «شىنجاڭ
خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي ھەققىدە» دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماقالىدىكى باشقا دىنىي مەزھەپچىكلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان سۆز - ئىبارىلەرنى قىسقارتىپ تاشلىدۇق. يەنە بىر مىسال ئالساق، بىرخۇيزۇ ماقالە يازغۇچى خادىمىمىز ئۆزى «جەھرىيە» مەزھىپىدە بولۇپ، يازغان تارىخىي ماقالىسىدا ئۆزمەزھىپىنى كۆپرەك كۆككە كۆتىرىپ باشقا مەزھەپلەرنى چۈشۈرگەنلىكتىن ماقالىنى ئېلان قىلىشتا ئۆزىمىز مەلۇم ئەندىشىدە بولۇپ بىزدىن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يازماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە بىز بۇ خىل ماقالىلارنى ئېلان قىلمىدۇق.

(5) دىنىي خۇراپاتلىقنى تەرغىپ قىلماسلىق. تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىدە دىنىي مەسىلىگەچوقۇم تارىخىي ماتېرىيالىزىم ۋە دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزىملىق مەيداندا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ھالبۇكى، دىنىي تارىخىي ماتېرىياللارنى يازغۇچى ئاپتورلار ھامان دىنىي زاتلار ياكى دىنىي ساھە بىلەن ئالاقىسى بولغان ئىجتىمائى زاتلار بولغاچقا بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا بەلگىلىك نىسبەتتە دىنىي تۈس سىڭگەن؛ بەزى ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەپسانىي ھېكايەلەرنى يەنىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئالايلۇق، 100 مىڭ ئارخاتنىڭ پاتىسخان ئانىنىڭ (غەربىي خان ئانا) قاش تېشى كۆلىگە (بۆغدا كۆلىگە) كۆچۈپ كېلىشىنى قارشى ئېلىشى توغرىسىدىكى ھېكايە، مىللىي ئىتتىپاقلىق مەزمۇنغا باي بولغانلىقتىن بىز «قاش تېشى كۆلىنىڭ تارىخىي ھەققىدە» دېگەن ماقالىدا ئىشلەتتۇق. «بۇددا دى-

نىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى پائالىيىتى» دېگەن تارىخىي ماقالى-
دا دىنىي خۇراپاتلىقنى تەرغىپ قىلىش سالمىقى نىسبەتەن
ئېغىرراق بولغانلىقتىن بىز بۇ ماقالىنى بىر تەرەپ قى-
لىشتا خېلى كۆپ قىسقارتتۇق ۋە تۈزىتىش كىرگۈزدۇق.
تەرىقەت دىنىي توغرىسىدىكى يەنە بىرپارچە ماقالىدا. تارى-
خىي ماتېرىياللار بەكمۇ ئاز، لېكىن دىنىي ئەدەپ - قا-
ئىدىلەر ۋە تەرىقەت دىنىنىڭ تۈرلۈك مۇراسىملىرى ناھا-
يىتى تەپسىلى بايان قىلىنغان. ئەگەر بۇ ماقالىنى ئېلان
قىلساق، «تەرىقەت دىنىنى تەرغىپ قىلغان»لىقتەك ناچار
ئۈنۈم ھاسىل قىلغان بولاتتۇق. شۇڭا بۇ ماقالىنى ئىشلەت-
مىدۇق. بىزنىڭ بۇ ئۇسۇللىرىمىزغا قارىتا بەزى يولداش-
لار ئوخشىمىغان پىكىردە بولغان بولىسمۇ، لېكىن تارىخىي
ماتېرىياللارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇ-
لۇشىدىكى ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىز
«دىنىي خۇراپىلىقنى تەرغىپ قىلماسلىق» پىرىنسىپىدا باش-
تىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ كەلدۇق.
ئەمەلىيەت، يۇقىرىدا بايان قىلغان « 5 نى قىلما-
سلىق» پىرىنسىپىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە، ئىلغار ئىدى-
يىلەرنى تەرغىپ قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەي-
تىشكە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.
ئۈچىنچى، مۇلازىمەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ھەر
قايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردۇق.
بىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىمىز شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق قاناتيايدۇرۇلدىكى — بىز شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەش ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىنى قولغا كەلتۈردۇق. بۇنىڭدىكى ئاساسىي ئامىل — «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى»نى پىلان بويىچە نەشر قىلدۇرۇشتىن سىرت، مەسلىھەت بېرىش خىزمەت قىلىش پائالىيىتىنى پائال قاناتيايدۇرغانلىقىمىز بولدى. بىز جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاساسلىقى 3 تەرەپتىن مەسلىھەت بېرىش خىزمەت قىلىش پائالىيىتىنى قاناتيايدۇردۇق.

(1) كەلگەن خەت - چەكلەرگە جاۋاپ قايتۇردۇق. 1983-يىلى كەلگەن خەت - چەكلەرنىڭ 7 پارچىسىغا، 1984 - يىلى 21 پارچىگە، 1985 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە كەلگەن خەت - چەكلەرنىڭ 14 پارچىسىغا جاۋاپ قايتۇردۇق. بۇ خەت - چەكلەرنىڭ بەزىلىرىدە تارىخىي مەسىلىلەرنى ئىسپاتلاش تەلەپ قىلىنغان، بەزىلىرىدە تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش تەلەپ قىلىنغان، يەنە بەزىلىرىدە «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى»دا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان. مەسىلەن، 1983 - يىل 3 - ئايدا، بىز، خېيلۇڭجاڭ ئۆلكىسى ناخې ناھىيىسىدىكى 80 ياشلىق موماي جۇ ياڭنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئۇ خېتىدە ئېرى جۇجىڭمېيەننىڭ 1933 - يىلى شەرقىي شىمال پىدائىيلار ئارمىيىسى بىلەن شىن-

جاڭغا كەلگەندىن كېيىن خەت ـ خەۋىرى بولمىغانلىقى، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئۇنى تەيۋەنگە قېچىپ كەتكەن «ئەكسىلئىنقىلاپچىنىڭ ئائىلە تەۋەسى» دەپ قاراپ نازارەت ئاستىغا ئالغانلىقىنى ئىنكاس قىلىپ، بىزدىن جۇجىڭمىيەننىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. جۇجىڭمىيەننىڭ ئەھۋالىدىن بىزنىڭ خېلى خەۋىرىمىز بار ئىدى. جۇ شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان چېغىدا ئىسپادىسى ئىلغار بولۇپ، پارتىيىمىزدىكى يولداشلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ئىشلىگەن، كېيىن شىڭشىسەي تەرىپىدىن چىن پېيشىڭ (كومپارتىيە ئەزاسى) ۋەقەسى بىلەن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بىز بۇ ھەقتە ئۆز ئەينى بويىچە خەت يازدۇق ھەم شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى بىلىدىغان زاتلارغا ئىسپات ماتېرىيالى يازغۇزۇپ ئەۋەتىپ بەردۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي مۇمساي ئەۋەتكەن مىننەتدارلىق خېتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنى، ياپونغا قارشى پىدائىيلار ئارمىيىسىنىڭ ئائىلە تەۋەسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىپ، ناھىيىلىك سىياسى كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، ئايدا 30 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىدىغانلىقىنى ۋە بىر ئەۋرىسىنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى يازغان. يەنە بىرمىسال، 1984 ـ يىل 1 ـ ئايدا، قارامايدا نېفىت تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى ۋاڭ ليەنفاڭ بىزگە خەت يېزىپ، يەرلىك نېفىت ئىشلىرى توغرىسىدىكى تارد-

www.uyghurkitap.com

خىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى. بىز ئۈرۈمچىنىڭ نېفىت توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى قىلچە ئېلىپ قالماي ئەۋەتىپ بېرىپ ئۇنىڭ «شىنجاڭ نېفىت تارىخى ماتېرىياللىرىدىن تاللانما»سىنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈشكە ياردەم بەردۇق. بۇندىن باشقا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدۇق. بىر قېتىم بىز ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانىدا ماتېرىيال ئاختۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا چېرىيە ناھىيىسىدىن كەلگەن بىر يولداشنى ئۇچرىتىپ قالدۇق، ئۇ ئۆز ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىنى ئىزلەۋاتقان بولۇپ، تاپالماي ئۈمىتسىزلىككە چۈشكەن ئىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي بىز باشقا ماتېرىيالدىن چېرىيە ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ توغرا ۋاقتىنى ۋە شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ ماتېرىيالنى دەرھال چېرىيە ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئەۋەتىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردۇق.

(2) ئەرز - ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى كۈتۈۋالدۇق. كومىتېتىمىزغا تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىكى ئادەملەرنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، سورىغان مەسىلىلەرگە خالىسانە ھەقسىز جاۋاپ بەردۇق ياكى يازما ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدۇق ۋە ياكى مۇناسىۋەتلىك كىتاب، ژورناللارنى تونۇشتۇردۇق. 1983 - يىلى كۈتۈۋېلىنغانلار خاتىرىلەنمىگەن. 1984 - يىلى ئەرز -

ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى 14 قېتىم كۆتۈۋالدۇق. 1985 ـ يىلى مەسلىھەت بېرىپ خىزمەت قىلىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، 10 ـ ئايغىچە ئاخىرىغىچە 38 ئادەم قېتىم كۆتۈۋالدۇق. مەسىلەن: كومىتېتىمىزنىڭ ئەزالىرىدىن لىيۇدېخې، جىن گۇجىن، ۋاڭزىدۇن، جاڭشۇەن 4 يولداش شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار ئىتتىپاقى، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى، شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى 40 مىڭ خەتتىن كۆپرەك 9 پارچە تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. بۇندىن باشقا، بىز يەنە ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى تارماقلىرى ۋە فوكاڭ ناھىيىسى ئۈرۈمچىنى ئۇيغۇرغان بۇغدا كۆلىنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ۋە ئۇنى رېمونت قىلىش، كېڭەيتىپ قۇرۇپ سىرتقا ئېچىش توغرىسىدا سورىغان مەسلىھەتىگە قارىتا مەسلىھەت بېرىش سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ ئۇلارنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدۇق ۋە ئۆز پىكرىمىزنى بەردۇق.

(3) مەخسۇس تېمىدا ئېكسىيە سۆزلىدۇق ۋە مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. ئۈرۈمچى ئۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن كومىتېتىمىزنىڭ مۇئاۋىن جۇرىنى يولداش زەن يۈيلىن تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ مەخسۇس تېمىلاردا لېكسىيە سۆزلىدى. مەسىلەن: 1983 ـ يىلى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا «غەربىي رايون ئۇسلۇبى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت»، «سۆيۈملۈك ئۈرۈمچى» دېگەن مەخسۇس تېمىدا ئىككى قېتىم لېكسىيە سۆزلىدى. 1984 - يىلى ئىلگىر - كېيىن بولۇپ شەھىرىمىزدىكى يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتوتى، شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، خەلق ئىشلار ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى سىستېمىسىغا «ئۈرۈمچىنىڭ يەر ناملىرىنى ئېنىقلاش»، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى»، «ئۈرۈمچى تارىخى»، «ئۈرۈمچىنىڭ مائارىپ تارىخى» قاتارلىق مەخسۇس تېمىلاردا 6 قېتىم لېكسىيە سۆزلىدى. 1985 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەكتەپ، سايۋاغ رايونىنىڭ كادىرلىرى ۋە مىچۋەن، قۇتۇبى ئىككى ناھىيەنىڭ كادىرلىرىغا «شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تارىخى» دېگەن مەخسۇس تېمىدا 5 قېتىم لېكسىيە سۆزلىدى. بۇ لېكسىيىلەر ئۇيۇشتۇرغۇچى ئورۇن ۋە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1985 - يىل 6 - ئايدا كومىتېتىمىز شەھەرلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە شەھىرىمىزدىكى ئالتە مەشھۇر ئاسارە - ئەتىقىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق ھەمدە قوغداش ۋە رېمونت قىلىش توغرىسىدىكى پىكىرىمىزنى يېزىپ شەھىرىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا يوللىدۇق. بۇ، ئۇلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. يېقىنقىدەك مەس-

لىھەت بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى كېڭەيتتۇق ۋە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتۇق. رايونلۇق، شەھەرلىك كۇتۇپخانا، ئارخىپ ئىدارىسى بىزنىڭ ماتېرىيال ئاختۇرۇشىمىز ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بەردى؛ 8 - ئارمىيە خاتىرە سارىيى بىزنى كېرەكلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى؛ خەلق ئىشلار ئىدارىسى باسما زاۋۇدى، كۆمۈر شىركىتى باسما زاۋۇدى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى 7220-زاۋۇدى «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» نى بېسىش ۋەزىپىسىنى ئاكتىپ ئۈستىگە ئالدى. گەنسۇ ئۆلكىلىك كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋۇميەن ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلىگەن ئەسلىمىسىنى ئالدى بىلەن بىزگە ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ يازغان خېتىدە: «ئەگەر «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» ئىشلەتمىسە، ئەسلىدىكى سۆزلىشىپ قويغان ئورۇنغا ئەۋەتىپ بېرەرسىلەر» دەپ يازغان.

يۇقىرقى 3 نۇقتا، بىزنىڭ 3 يىلدىن بۇيان تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنى قاناتيايدۇرۇشتىن ئالغان ئاساسىي تەسىراتىمىز، خىزمىتىمىزدە يەنە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر بار، ئاپتونوم رايون ۋە ئىچكىرىدىكى قېرىنداش شەھەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق ناھايىتى زور، بىزنىڭ داۋاملىق تىرىششىمىزغا توغرا كېلىدۇ - ئەلۋەتتە. تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپىنى تەرەققى قىلدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش ۋە ياش ئەۋلاتلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، يۇرتنى سۆيۈش ئەنئەنىۋى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاكتىپ رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىمىز.

## جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە پائالىيەتلىرى

شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ــ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى شىنجاڭ تارىخىدىكى كۆلىمى چوڭ، ئەزاسى كۆپ، تەسىرى كەڭ بولغان ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ سىياسى خاراكتېرلىق تەشكىلاتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ پائالىيىتى 1934 - يىلى شىڭ شىسەي ئىلغارلىق تونىغا ئورۇنىۋالغان ۋاقتىدىن باشلىنىپ، 1943 - يىلى شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى قىياپىتىنى ئوچۇق ئاشكارىلىغانغا قەدەر داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا مەزكۇر تەشكىلاتقا كومپارتىيە ئەزالىرى قاتناشقانلىقى ۋە رەھبەرلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلىش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى ھىمايە قىلىش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپ ۋە چېگرا رايون ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىش، خەلقارا مۇھىم قاتناش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يوللىرىغا كاپالەتلىك قىلىش، ياپونغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش، شۇنىڭدەك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسى ئېڭىنى يۇقىرى كۆتىرىپ، مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە زور رول ئوينىدى. ئۇ شىنجاڭ تارىخىدا جۈملىدىن ئۈرۈمچى تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. تۆۋەندە بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پائالىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ قۇرۇلۇشى

1933 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېلدا، ئەينى ۋاقىتتا «3 ياش ئەزىمەت» دەپ ئاتالغان چېن جۇڭ، لى شاۋتيەن، تاۋمىڭيۈ قاتارلىقلار ئۆلكە مەركىزى دىخۇا (ئۈرۈمچى) دا ئاق ئورۇس ئارمىيىسى (جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئارمىيە) ۋە قىسمەن ئۆلكە ئارمىيىسىنى ئىشقا سېلىپ ھەمدە شىنجاڭغا چېكىنىپ كەلگەن شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى پىدائىلار ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا قوراللىق سىياسى ئۆزگىرىش قوزغاپ جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. جىن شۇرېن نەنجىڭگە قېچىپ بېرىپ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە «شىنجاڭ قىزىللىشىپ كەتتى» دەپ شىكايەت قىلىدۇ. جىن شۇرېن سىياسى سەھنىدىن قوغلانغاندىن كېيىن،

شېڭ شىسەي ھىلە - مىكىر ئىشلىتىپ، تەرەپ - تەرەپكە خوشا-
مەت قىلىپ «شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى» لىك ئەزىز
ئورۇنغا يامىشىپ چىقىۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي، سىيا-
سى ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. شېڭ شىسەي تەختكە
چىققاندىن كېيىن ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە دۈچكېلى-
دۇ. 1934 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ماجۇڭيىڭنىڭ 10
مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچى بىلەن ئۈرۈمچىنى قورشى-
ۋېلىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. شەرقىي شىمال پىدائىيلار ئارمىيىسى-
دىن 500 دىن ئارتۇق ئادەم شەھەردىن چىقىپ قايتۇرما
زەربىگە ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق ئورۇشتا يېڭىلىپ قايتىپ
كېلىدۇ. ئۈرۈمچى 46 كۈن قامال ئىچىدە قالىدۇ.
ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىيلىشىدۇ. شېڭ شىسەي ئىچكى -
تاشقى جەھەتتە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ تۈيۈق يولغا
كىرىپ قالغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كون-
سۇلى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلى-
دۇ. ئايروپىلان، بىرونىۋىك قاتارلىق زامانىۋى قوراللار
بىلەن قوراللانغان، «جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى ئارمىيە» دېگەن
نام بىلەن كىرگۈزۈلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى 3 - ئاينىڭ
7 - كۈنى بىر زەربە بىلەنلا ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ
قىلىپ ئۆلكە مەركىزىنى خەۋپتىن قۇتقۇزىدۇ. ماجۇڭيىڭ
چېكىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچىدۇ. شېڭ شىسەي ۋەزى-
يەتكە ماسلىشىش ئەينى ۋاقىتتىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە
تاقابىل تۇرۇش، ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىلغار-

لىق تونىغا ئورۇنىشىلىپ بىر تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى پارتىيە ئورگىنىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ سىياسى جەھەتتە، نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش» ۋەزىپىسىنى كۆتىرىپ چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ھەركەت قىلدى. ھەمدە 1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن تۈزۈپ چىققان «مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇش»، «دېموكراتىيە ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش» نى مۇھىم مەزمۇن قىلىغان «8 ماددىلىق خىتاپنامە» نى ئېلان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ رايىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ ھىمايىسىغا ئېرىشمەكچى بولدى. شىڭ شىسەي گەرچە پۈتۈن زېھنى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ يۇقىرقىدەك چارە - تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئوبيېكتىپ شارائىت ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى. بىرىنچىدىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى يېڭى ھۆكۈمەتكە قوشۇلۇش ئىپادىسىنى بىلدۈرمەيلا قالماي، بەلكى خۇاڭ مۇسۇڭنى ئاغدۇرۇشچىلىق ھەركەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماجۇڭيىڭ قوماندانلىقىدىكى 36 - دىۋىزىيىگە قايتىدىن شىنجاڭغا كىرىشكە بۇيرۇق بېرىپ «ئىككى باشنى سوقۇشقا سېلىپ قويۇپ» ئارىدىن تەييار پايدىنى ئالماقچى بولدى. ئىككىنچىدىن، خۇاڭ مۇسۇڭ سىياسى ئۆزگىرىش مىۋىسىنى شىڭشىسەي تارتىۋالغانلىقىغا چېنى چىققان، لى شاۋتيەن، تاۋمىڭيۆلەرنىڭ كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ سۈيىقەست ئىشلىتىپ ئوت قويرۇقلۇق قىلىپ ئۇلارنى 2 - قېتىم سىياسى ئۆزگىرىش قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئايلىنىپ شىنجاڭغا كەلگەن شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى پىدائىلار ئارمىيىسىنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ بولۇپ شىڭ شىسەينىڭ ئۇلارنى كونترول قىلىشى تەس ئىدى. تۆتىنچىدىن، خەلقئارا جاھانگىرلار خېلى بۇرۇنلا شىنجاڭنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش نىيىتىدە بولغاچقا، ئۇلار شىڭ شىسەينى «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىرلەشتى» دەپ جار سېلىپ مىللىي مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى فېئودال مۇتەئەسسىپلەرنى ئۆزگە تارتىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

شىڭ شىسەي مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ زىنچۈەن ئۇرۇشىدا، ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ باستۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېڭىلىق
www.uyghurkitap.com

رۇپ كېلىۋاتقان ماجۇڭيىڭ قىسمىنى تارمار قىلىپ، ئار-قىدىنلا جاڭ پېييۈەن غۇلجىدا قوزغىغان قوراللىق توپىلاڭ-نى تىنجىتتى. بۇ ئىككى قېتىملىق ھەربىي غالىبىيەت ھەي-ۋىسىدىن پايدىلىنىپ، 1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تەدبىر قوللىنىپ 12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى-نىڭ تەشكىللاتچىلىرى چېن جۇڭ، لى شاۋ تيەن، تاۋمىڭيۈ ئۈچىسىگە ئۆلۈم جازاسى بەردى ۋە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى «ھال سوراش ئەلچىسى» نامىدا شىنجاڭغا سۆيىقەستلىك ھەركەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن خۇاڭ مۇسۇڭنى قىستاپ، شىنجاڭدىن تېز رەك كېتىشكە مەجبۇرلىدى. 1933 - يىلى 10 - ئايداشەر-قىي شىمال پىدائىيلار ئارمىيىسىنىڭ باشلىقلىرى جېڭرۇن-چېڭ، پېڭجەنبياۋ، سۇگو، ياڭياۋجۈن قاتارلىقلارغاماجۇڭ-يىڭ قوشۇنىنى تازىلاشتا «باندىتلار بىلەن تىل بىرىكتۈر-دى» دېگەن بەتنامنى چاپلاپ قولغا ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلدى. شەرقىي شىمال پىدائىيلار ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى ئۆلكە ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىپ شىڭشىسەينىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. 1934 - يىلى ئەتىيازدا ئۇ، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە تەش-كىل قىلىنغان «ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان كەيپىۋەنلىك ساۋاق-داشلار ئۇيۇشمىسى» دېگەن ساۋاقداشلىرىنى شىنجاڭغا كې-لىپ خىزمەت ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى. 1934 - يىلى 6 - ئايلاردا خېيۇيجۇ (خې كېڭگۇاڭ)، لاڭداۋخېڭ، ۋاڭلىشى (ۋاڭنەيجۇڭ)، شۆيجەن (شۆي بودا)، چېڭ چىمىڭ(چېڭ-

دۇگبەي)، سۇڭنيەنسى، كاڭبىڭلىڭ (كاڭمىڭيۈەن)، ۋاڭ يۈەنلىڭ، گوشىلياڭ، سۈيگوجىڭدىن ئىبارەت 10 ئادەم (ئەينى ۋاقىتتا «10 چوڭ دوكتۇر» دەپ ئاتالغان) ئارقا-ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. شىڭشىسەي ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ مۇھىم خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاپ، 7 - ئايدا قەشقەر «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلدى. 9 - ئايدا ئۇنىڭ كاتىۋىشى خوجىنىياز ھاجىنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنىڭ كاتىۋىنى ماموتنى 6 - دىۋىزىيىنىڭ سىجاڭلىقىغا تەيىنلەپ قەشقەردە تۇرغۇزدى. يېڭىدىن دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازارىتىنى تەسىس قىلىپ يۈيۋېنبىن (ئۇيغۇر، ئەسلى ئىسمى يۇنۇس بەگ) نى نازىر، مەخسۇتنى مائارىپ نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر، ئابدۇراخماننى مالىيە نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر، ئاقمولىنى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، نىيازنى ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى، تۇرغاۋۇتلار كونا ئايماق باشلىقى، مانجۇكجاپنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قازاق يۇقىرى تەبىقە زاتى بايەن موللىنى، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، شەرىپقاننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئالتاينىڭ ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلىدى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا تەسىرگە ئىگە يەرلىك دېموكراتىك زات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇرھان شەھىدىنى يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ مۇدىرى قى-لىپ تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كەيپىياتى ئاساسىي جەھەتتىن خاتىرجەملىنىپ ۋەزىيەت مۇقىملاشتى. خې يۈيجۇ قاتارلىق كىشىلەر ئۆز ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ شىنجاڭدا بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشنى ئويلايتتى. ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ياردەمدە بولىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىق بىر سىياسىي تەشكىلات قۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىدۇ. بۇ تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن دەرھال شېڭ شىسەينىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەپ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلى-شىش ئۈچۈن، دەل مۇشۇنداق بىر سىياسىي تەشكىلاتقا مۇھتاج ئىدى. ئۇ خې يۈيجۇنى بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بو-لۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئىككى ئايلىق جىددىي تەييارلىق كۆرۈش، قايتا - قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق كۆپچىلىك بىردەك بۇ تەشكىلاتنىڭ نامىنى «شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» دەپ ئاتاشقا قوشۇلىدۇ ھەمدە «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ نىزامنامىسى» يېزىپ چىقىلىپ، ئۇيۇشمىنىڭ ئورگان قۇرۇلۇشى، خادىملارنى سەپلەش ۋە قۇرۇلۇش چوڭ يىغىنىنى ئېچىش قاتارلىق ئىشلار قارار قىلىنىدۇ.

1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ

خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇمچىدە رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكالىنىپ، تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. يىغىندا «شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ نىزامنامىسى»، ئىجرائىيە ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكى ۋە ھەر قايسى بۆلۈم باشلىقلىرىنىڭ ئىسىملىكى ماقۇللىنىدۇ. ئۇيۇشمىنىڭ تۈنجى نىزامنامىسى 4 باپ 6 پىروگرامما بولۇپ، ئومۇمىي پىروگراممىدا «شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى خەلق ئاممىسى ئۆزلۈكىدىن ئۇيۇشقان سىياسىي تەشكىلات، ئۇ، سۇن جۇڭشەن زۇڭلىنىڭ سەنمىنجۇيى (3 مەسلەك) سىغا ئەمەل قىلىدۇ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىقنى بۇزۇپ، شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش قەستىدە بولغان جاھانگىرلارغا قارشى تۇرىدۇ.» دەپ يېزىلغان. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما تۆۋەندىكىلەرنى تەشەببۇس قىلىدۇ: (1) شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىقلارنى تۈگىتىش؛ (2) مەركەزنىڭ قانۇن - نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئۆلكىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈملىرىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۆلكە مەركىزى ۋە ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ يەرلىك مۇختارىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ (3) قانۇنسىز زومىگەر ئۇنسۇرلار، خىيانەتچى - پارىخور ئەمەلدارلار،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

توخاۋ ـ لېشىنلارنى يوقىتىش؛ (4) ئەدلىيىنى ياخشىلاش، ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ مۇستەقىل تۈزۈمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئىختىساسلىق ئەدلىيە خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش؛ (5) خەلقنىڭ سىياسى بىلىمىنى يۇقىرى كۆتىرىش، سودىنى گۈللەندۈرۈش، يەرلىك ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، قاتناش ـ تىرانسپورت ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، كان بايلىقلىرىنى ئېچىش، مالىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاش؛ (6) ھەربىي ۋە خەلقنى ئايرىپ ئىدارە قىلىش، ئارمىيىنى ياخشىلاپ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى كۈچەيتىش، ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىنى ئۆستۈرۈش؛ (7) ھەر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەركىن تەرەققى قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللەتنىڭ ئۆز مەدەنىيىتى بويىچە مەكتەپ ئېچىش، بارلىق مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش. مەسىلەن: مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ ھەرخىل كىتاب، گېزىت، ژورناللارنى نەشر قىلىش؛ (8) خەلقنىڭ سۆز ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى ۋە دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ (9) بارلىق ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى يوقىتىش، قۇللۇق، كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئادەم سېتىش ئىشلىرىنى قەتئىي چەكلەش، ئەپيۇن ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش؛ (10) ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىش، پاھىشە

ئىشلىرىنى چەكلەش، خوتۇن - قىزلار مائارىپى ۋە ئىكا
ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش؛ (11)
ياشلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇ-
رۇش، مەدەنىي - مائارىپ، تەنتەربىيە تەشكىلاتلىرىنى
تەدرىجى قۇرۇش. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما ئەزا
قوبۇل قىلىشتا مىللەت ئايرىمايدۇ، جىنسى ئايرىمايدۇ،
يېشىنىڭ چوڭ - كىچىك، خىزمەت ئورنىنىڭ يۇقىرى-
تۆۋەنلىكىگە قارىمايدۇ، ئۇيۇشما نىزامنامىسىنى ئېتىراپ
قىلغۇچىلارنىڭ ئىلتىماس يېزىپ كىرىشىگە بولىدۇ. ئۇ-
يۇشمىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمە-
لەرگە ئاساسەن، ئۇيۇشمىدا كاتىۋات باشقارمىسى، خوجۇ-
لۇق، تەشكىلات، مائارىپ، تەشۋىقات، ياشلار، خوتۇن-
قىزلار، ئىجتىمائىيى قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى.
شىڭشىسەي ئۆزى ئۇيۇشمىنىڭ باشلىقى بولدى. دائىمى
ئىشلار كومىتېتى ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىقىغا
خېيۈيجۇنى، كاتىۋات باشقارمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا
لاڭداۋخېڭنى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىقىغا ۋاڭلىشىنى،
تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىقىغا شۈيجيەنى، ياشلار بۆلۈمى-
نىڭ باشلىقلىقىغا چېڭدۇڭبەينى تەيىنلىدى. باشقا ئىش-
خانا، بۆلۈملەرگىمۇ شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك
ئادەملىرىنى قويدى.
جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن،
گەرچە «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىق، قۇرۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لۇش»دىن ئىبارەت ئاتالمىش «3 چوڭ سىياسەت»نى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شىڭشىسەي بۇ تەشۋىقاتلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىدى ۋە ئۆزىنى «ئۇلۇق داھى» دەپ ئاتىۋالدى.

## جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىشى

مەملىكەت ئىچى ۋە تاشقى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، سىياسىي ئالدامچى شىڭشىسەي «سول» قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، سىياسىي سەھنىدە يەنە ئويۇن ئويناشقا باشلىدى. 1935 - يىلى 5 - ئايدا، شىڭشىسەي كومپارتىيە ئەزالىرىدىن ۋاڭشۇچىڭ (يۈيشۇسۇڭ)، ۋەنشەنتىڭ (جاڭيىفەن)، ۋاڭباۋچيەن (جاۋشى)، جىڭيىجۇن (رىنيۈي)، ليۇشەنچىڭ، لۇەنباۋتىڭ (جىجىژ)، ۋۇدىمىڭ (جياڭجىمىڭ)، يۈيچىڭغا، مەنسۇر، ياسىن، قادىر ھاجى، جاۋيۇنرۇڭ، ليۇشۇمىڭ، گاۋشۇيىڭ، ۋاڭ يى، دىڭيۆگۈي، جاۋگوگاڭ، جاۋگويۈەن، لىباۋخۋا، ئەبەي، سىيىت ھاجى، ھاشىم ھاجى، تۇڭباۋ قاتارلىق 25 ئادەمنى شىنجاڭغا (ئۈرۈمچىگە) كېلىپ خىزمەت ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى ھەمدە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش-

كه كىرىشتى. خې يۇيجۇ قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەزىپىسىدىن
قالدۇرۇپ خىزمىتىنى يۆتكىدى. باشقا ھەرقايسى بۆلۈملەر-
نىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى قايتا تەڭشەپ، ۋاڭ شۇچىڭنى
باش كاتىپلىققا، جاۋزىڭشىڭنى مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا،
ليۇشەنچىننى تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىقىغا، ۋەن‌شەنتىڭنى
تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىقىغا، بۇرھان شەھىدىنى خەلق
ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا، جىن‌يىجۇننى مىللىي ئىش-
لار بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا، مەنسۇرنى مەدەنىيەت بۆلۈمى-
نىڭ باشلىقلىقىغا، جاڭيىۋۇنى ياشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىق-
لىقىغا تەيىنلىدى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما 1 -
قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن، غۇلجا، ئالتاي،
چۆچەك قاتارلىق ۋىلايەتلەردە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇش-
مىنىڭ ۋىلايەتلىك ۋە شۆبە ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - شۆبە ئۇيۇشما، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە
ئەترىتى 2 - شۆبە ئۇيۇشما بولۇپ قۇرۇلدى. شىن-
جاڭ ئىنىستىتۇتى، ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، قىزلار
1 - ئوتتۇرا مەكتىۋى، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئارقا-
ئارقىدىن ئوقۇغۇچىلار شۆبە ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. ھەر
قايسى شۆبە ئۇيۇشمىلار ئادەم سانىغا قاراپ گۇرۇپپىلارغا
بۆلۈندى.

كومپارتىيە ئەزالىرى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇش-
مىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ۋە كۈندىلىك خىز-
مەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«3 چوڭ سىياسەت تەدرىجى ھالدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش؛ خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش؛ تېنچلىقنى ساقلاش؛ شىنجاڭنى ئىسلاھقىلىشتىن ئىبارەت «6 بۈيۈك سىياسەت» بولۇپ مۇكەممەللەشتى ھەمدە ئىزامنامىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ سىياسى خاراكتىرى تېخىمۇ روشەنلەشتى. ئۈيۈشمىنىڭ خىزمەتلىرى كۈنسايىن جانلاندى. ھەر مىللەت ياشلىرى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۈيۈشمىغا بەس - بەستە كىرىشكە باشلىدى. ئىلغارلىق قىياپىتىگە كىرىۋالغان شىڭشىسەي بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، ئاتالمىش«شىنجاڭ ئىنتايىن قويۇق فېئوداللىق تۈس ئالغان جەمئىيەت» دېگەننى قايتا - قايتا تەكىتلەپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۈيۈشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تۇساش غەرىزىدە بولدى. خەلقئارا ئارقا تىرىكى بولغان بىر ئوچۇم يەرلىك ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارمۇ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ باردى. 1937 - يىلى، قۇمۇلگارنىزون سىلىگى يولۋاس قىزىل ئارمىيەغەربىي يۈنۈلۈش زۇڭدۈينىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى مامۇت، خوتەندىكى دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى ماخۇۋشەن (ئەسلىدىكى ماجۇڭيىڭنىڭ قىسمى) ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توپىلاڭ كۆتىرىدۇ. مامۇت، ماخۇۋشەننىڭ قوشۇنى ھۇجۇم قىلىپ كۇچارغا كەلگەندە يولۋاس پۈتۈن

ئەسكىرىي كۆچىنى يۆتكەپ پىچانغا بېكىنىۋالىدۇ. شىڭ شىسەي ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سوراپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن توپىلاڭنى تىنجىتىدۇ. شىڭ شىسەي مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، يەنە ئاتالمىش «خەلقئارا خاراكتېرلىق سوۋېتپەرەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» دېگەننى كۆتىرىپ چىقىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىۋى ۋاڭ شۇچىڭنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە سولايدۇ. بۇ ۋاقىتتا، غەربىي يۈنۈلۈش زۇڭدۇيى شىڭشىڭشادىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن كادىر ئەۋەتىدۇ. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ۋاڭ باۋچيەن ئۆتكۈزۈۋالىدۇ، خەن گۇاڭ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. 1938 - يىلى 1 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش خۇاڭ مىنفۇ (خۇاڭ خۇچىڭ)غا «يېڭى گازارما»دىن يەرلىككە ئالمىشىپ ئىشلەش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شىڭ شىسەي دەرھال ئۇنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى 2- قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئېلىپ بېرىپ ئەسلىدىكى 8 بۆلۈمنى تەشكىلات، تەشۋىقات، ئالاقە، خەلق بۆلۈمىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىبارەت 4 بۆلۈمگە يىغىنچاقلايدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما 2 - قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن، تۆرلۈك پائالىيەتلەرنى چاقماق تېزلىكىدە قانات يايدۇردى، پارتىيىنىڭ ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ سىياسىتى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ماركسىزم - لېنىنىزم كىتابلىرى، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا جاھانگىرلىككە قارشى تۆرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلىي غايەت زور دەرىجىدە زورايدى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىستاتىستىكا مەلۇماتقا قارىغاندا پەقەت دىخۇا (ئۈرۈمچى)دىكى ئىدارە، جەمئىيەت، مەكتەپ، زاۋۇت - كانلاردا بىۋاستە قاراشلىق شۆبە ئۇيۇشمىدىن 8 زى، رايونلۇق ئۇيۇشمىدىن 27 سى، رايونغا قاراشلىق تارماق ئۇيۇشمىدىن 310دىن ئارتۇقى (دىخۇا ناھىيىلىك ئىدارىلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، ئەزالىرى تەخمىنەن 12 مىڭ 300 دىن ئاشقان.

قارا نىيەت، مەككار شىڭ شىسەي خەلقنىڭ رايىنى كونترول قىلالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يەنە بىر قېتىم «سىرتماقنى چىگىتىش ھىيلىسى»نى قوللىنىپ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىغا تۆرلۈك يوللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلدى ۋە بېسىم ئىشلەتتى. 1935 - يىلى 5 - ئايدا يولداش خۇاڭ مىنفۇنى ئۇ-

يۇشمەندىن يۆتكەپ، ۋاڭ باۋچيەننى قايتىدىن باشقا تىپلىق-
قا تەيىنلىدى.
1942 - يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىزىمغا قار-
شى ئۇرۇشى جاپالىق باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى
يەنە بىر قېتىم تەتۈر قويۇن قوزغىغان، پارتىيىمىز قەتئىي
داۋاملاشتۇرغان ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئىنتايىن قىيىن ئەھ-
ۋالغا چۈشۈپ قالغان مەزگىلدە، شىڭ شىسەي
ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى قىياپىتىنى ئوچۇق ئاشكارىلاپ، ئا-
تالمىش «12 - ئاپرېل سۈيىقەستلىك ئەنزىسى» نى ئويدۇ-
رۇپ چىقىپ، شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەۋاتقان بارلىق كوم-
مۇنىستلارنى تۈرمىگە سولىدى ھەمدە كوممۇنىستىك ئىدى-
يىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان شىن-
جاڭ ھەر مىللەت ياشلىرى شۇنىڭدەك كوممۇنىستلار بىلەن
بىللە ئىشلىگەن، ئالاقىدا بولغان ھەربىيلەر،ھۆكۈمەت خا-
دىملىرىنى ئالاقويماي دېگۈدەك تۇتقۇن قىلدى؛ شۇنىڭ بى-
لەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستانە
مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتەخەسسىسلى-
رى، مەسلىھەتچىلىرىنى قايتۇردى. قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان 8-
پولكنى قايتۇرۇپ كېلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
مەركىزىي كومىتېتى ۋە چېگرا رايون ھۆكۈمىتى بىلەن بول-
غان ئالاقىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزۈپ تاشلىدى. شۇنىڭغا
ئەگىشىپلا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گورۇھىغا بىۋاستە قاراش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

لىق قوشۇن ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىك خادىملىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقى (پىرقىسى) قۇرۇلدى.

## جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسىي پائالىيەتلىرى

شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت رەھبەرلىك قىلىشى ۋە ئەستايىدىل خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە زور تۆھپىلەر قوشتى.

1. ئىنقىلاۋىي نەزىرىيە تايانچلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. جاھانگىرلىككە قارشى تەلىم ـ تەربىيە كۇرسى ئېچىپ، كۇرسنىڭ پەخرى باشلىقلىقىنى شېڭ شىسەينىڭ ئۆزى ئۆتىدى، ھەر نۆۋەتلىك باش كاتىپ كۇرسنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەپ كونكرېت خىزمەتلەر-

گە مەسئۇل بولدى. كۇرسانتلارنىڭ ھەممىسى ھەر قايسى
رايون، شۆبە ئۇيۇشمىلارنىڭ ئىش بېجىرگۈچى خادىملىرى
ئىدى. ھەر بىر قاراردا 30 دىن 50 كىچە ئا-
دەم تەربىيىلەندى. شىڭ شىسەي ياز-
غان «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي
ۋەزىپىلىرى»، «6 بۈيۈك سىياسەتتىن دەرسلىك»تىن تاشقىرى
يەنە ماركسىزم - لېنىنىزم ئاساسىي نەزرىيىلىرى، مەسىلەن:
دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزملىق پەلسەپە، لېنىنىزم مەسىلىلىرى،
سىياسىي-ئىقتىسات ئىلمى، ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ
سىياسىتى قاتارلىقلار ئاساسىي ئۆگىنىش مەزمۇنى قىلىندى.
1938 - يىلى 7 - نويابىر، جاھانگىرلىككە قارشى تۇ-
رۇش ئۇيۇشمىنىڭ 42 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت
ئەزالىرى يىغىنىدا، باش كاتىپ خۇاڭ مىنفۇ
جاھانگىرلىككە قارشى ئالىي كۇرس ئېچىش توغرىسىدا
تەكلىپ بەردى. مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئالىي
كۇرسقا ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى
قاتناشتۇرۇش، دەرسلىككە «ماۋزېدۇڭنىڭ ياپونغا قارشى
تۇرۇش توغرىسىدىكى سۆزلىرىدىن تاللانما»شۇنىڭدەك «ياش-
لارنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا» (يەنى يولداش ليۇ-
شاۋچىنىڭ «پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا»)
قاتارلىق مەزمۇنلارنى كۆپەيتىپ كىرگۈزۈش قارار قىلىندى.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش تەلىم - تەربىيە كۇر-
سى جەمئىي 12 قارار، 34 سىنىپ ئېچىلىپ، يەرلىككە 2200-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىن ئارتۇق نەزىرىيە تايانچلىرىنى تەرىبىيلەپ بەردى، بۇ تايانچلار قايتىپ ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلدى.

2. نەزىرىيە ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى گۇرۇپپىلارنى بىرلىك قىلغان ھالدا ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆگىنىش ئېلىپ باراتتى. ئۇلار باش ئۇيۇشما بەلگىلەپ بەرگەن ماقالىلارنى ئۆگىنىشتىن سىرت، يەنە ئەينى ۋاقىتتا كەڭ تارقالغان ئەيسىچىنىڭ «ئاممىۋى پەلسەپە»سى شۇ-نىڭدەك «ياشلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش مەجمۇئەسى» ئى-چىدىكى «جۇڭگو قانداق قىلىپ يېرىم مۇستەملىكە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان؟»، «ئىدىيىۋى تەدبىر توغرىسىدا» قاتارلىق ماتېرىياللارنىمۇ ئۆگىنەتتى. باش ۋە رايونلۇق ئۇيۇشمىلار يەنە داۋاملىق دوكلات، نۇتۇق سۆزلەش قاتارلىق شەكىللەر-نى قوللىنىپ ئۆگىنىشكە يېتەكلەيتتى ھەمدە كۆپ قېتىم بىر تۇتاش سىناق ئالغان ئىدى. ئوچاغلاردا ئىنقىلاپ نەزىرىيىلىرىنى ئۆگىنىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتىرىلگەن بو-لۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقارا كىتابخانىسى ۋە شەھىرى-مىزنىڭ مەدەنىيەت كىتابخانىسىغا نەزىرىيىۋى كىتابلار ھەر قېتىم كەلگەن ھامان كىشىلەر يېرىم كېچىدە ئۆچرەتكە تۇرۇپ ياس-باستا سېتىۋالاتتى. كۆپلىگەن كىشىلەر تۇرمۇشىنى قىسىپ تېجەپ قالغان پۇلىغا چۇڭچىڭدە نەشر قىلىنغان «شىنخۇا گېزىتى»، يەنئەندە نەشر قىلىنغان «ئازادلىق گېزىتى»

شۇنىڭدەك «ئازادلىق»، «جۇڭگو مەدەنىيىتى»، «8 ـ ئارمىيە ھەربىي ـ سىياسى ژورنىلى» قاتارلىق گېزىت-ژورناللارغا مۇشتىرى بولغان ئىدى. كىتاب سېتىۋالمىغان ياشلار زور كۈچ سەرپ قىلىپ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاممىۋى تەلىم-تەربىيە سارىيىنىڭ قىرائەتخانىسىغا بېرىپ لېنىنىزىمنىڭ «سىياسى- ئىقتىسادتىن لېكسىيە» (جاڭ جۇڭ- شىنىڭ تەرجىمىسى)، ئەي سىچىنىڭ «يېڭى پەلسەپە دەرسلىكى» قاتارلىق كىتابلارنى كۆچۈرۈۋالاتتى. گەرچە بۇ خىل چوڭ تىپتىكى كىتابلارنى كۆچۈرۈپ چىقىشقا نەچچە ئايلاپ ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن بەزى ئىنىقلاپ نەزىرىيىلىرىنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنىڭ ئۆزى ياشلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مەدەت ۋە شەرەپ ھېسابلىناتتى.

3. مەدەنىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئەينى ۋاقىتتا مەدەنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش شەكىللىرى كۆپ خىل بولۇپ، ئەڭ ئومۇملاشقان شەكلى ناخشىچىلار ئەترىتىنى تەشكىللەش ئىدى. ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام تارماق ئۇيۇشمىلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ ناخشىچىلار ئەترىتى بار ئىدى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما يەنە ناخشا كۇرسى ئېچىپ «يېڭى گازارما» نىڭ مەدەنىيەت تەربىيىچىسى يولداش لىجالىنىنى ناخشا ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى، ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم ئۆگىتىلەتتى. كومپارتىيە ئەزالىرىدىن خۇاڭمىنفۇ، لى جىڭلياڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۈيسۈن، ليۇبوخىڭ، چىن‌گۈيىڭ قاتارلىق يولداشلار دائىم ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ ناخشا ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلاتتى. باش ۋە رايونلۇق ئۇيۇشمىلار دائىم ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى تەشكىللەپ، سېلىشتۇرۇپ باھالاپ مۇكاپاتلايتتى. دىراما ئويناش پائالىيىتىمۇ ئۇ چاغلاردا راسا ئەۋج ئالغان بولۇپ ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە دىگىدەك دىراما ئۆمەكلىرى بار ئىدى. جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشمىدا خەن‌شۇلىن، لۇجىڭ، زەن‌يۇيلىن، جاڭشاۋدې قاتارلىق 20 نەچچە كىشىدىن تەركىپ تاپقان باش ئۆمەك قۇرۇلغان بولۇپ، ئۆمەكنىڭ خىزمەتلىرىگە باش كاتىپ خۇاڭمىڭفۇنىڭ ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلاتتى. سودا ئۇيۇشمىسى ۋە ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىلىرىمۇ دىراما، ناخشا - ئۇسۇل، جېڭجوي تىياتىرى ئۆمىكى، چىنجوي تىياتىرى ئۆمىكى ۋە مېيخۇ تىياتىرى ئۆمەكلىرىنى تەشكىللىگەن، ئۇلار دائىم بىرلىشىپ ئويۇن قويۇپ ياپونغا قارشى ئىئانە توپلىغان ئىدى. كېيىن جاۋدەن، ۋاڭۋېيىي، شۈيتاۋ، جۇجىنىمىڭ، يى‌لۇچيەن قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭغا كېلىپ، كەسپىي خاراكتىردىكى «شىنجاڭ تەجرىبە دىراما ئۆمىكى»نى قۇرۇپ، دىراما ھەركىتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتەردى. دىراما ھەركىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما 1940 - يىدلى 6 - ئويابىردا دىراما مۇسابىقە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

ھەر قايسى درامما ئۆمەكلىرى «يۇرت»،«تويۇقسىز زەربە»، «ئارمىيىدىن ھال سوراش»، «18 - سېنتەبىر ھازىسى»، «ئەڭ ئاخىرقى چارە» قاتارلىق درامملارنى ئويناپ چىقتى. جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما يەنە ھەر يىلى 9 - ئايدا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تەنھەرىكەت مۇراسىمى ئۆتكۈزەتتى. 1939 - يىلىدىكى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا كومپارتىيە ئەزاسى مىڭ يىمىڭ سۆزنى يازغان، چېن گويىن مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن «تەنھەرىكەت مۇراسىمى شېئىرى» ئوقۇلۇپ پۈتۈن مەيداننى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن ئىدى.

جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما يەنە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. 1939 - يىلى 5 - ئايدا، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىغا بىۋاستە قاراشلىق شىنجاڭ ئىنستىتوتى شۆبە ئۇيۇشمىسى كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ بولغان «جاھانگىرلىككە قارشى ماي ئېيى»نى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭدا دوكلات يىغىنى، نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىلدى. مەكتەپ مۇدىرى دۇجۇڭيۈەن «جاھانگىرلىككە قارشى ماي ئېيى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى. 1941 - يىلى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ناخشىلىرىنى ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

4. ياپونغا قارشى ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، ياپونغا قارشى ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلدى. 1937 - يىلى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا تۇنجى قېتىملىق «28- يانىۋار» ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە قىلىش ھەركىتىنى قوزغىدى. ھەر مىللەت، ھەر قايسى ساھەلەر قىزغىنلىق بىلەن بەس - بەستە پۇل ئىئانە قىلدى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا شىنجاڭ پۇلى ھېساۋىدا 2 مىليون سەردىن ئارتۇق ئىئانە توپلاندى. 1938 - يىلدىن باشلاپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە توپلاش ھەركىتىنى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما ئۆزىنىڭ دائىملىق پائالىيىتىگە ئايلاندۇردى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە شىنجاڭ پۇلىغا 3 مىليارت سەرگە يېقىن پۇل توپلاندى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما بۇ پۇلغا 10 دانە كۈرەشچى ئايروپىلان سېتىۋېلىپ ھەمدە ئۇنىڭغا «شىنجاڭ» دىگەن بەلگە قويۇپ، 1939 - يىلى 24 - ئاۋغۇست ياپونغا ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. شۇ يىلى 11 - ئايدا، ياپونغا قارشى باش ئۇيۇشما «ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشقا ئالتۇن تەقدىم قىلىش ھەيئىتى»نى قۇردى. ئۇرۇمچى شەھرىدە ئالتۇن تەقدىم قىلىش مۇنبىرى قۇرۇلۇپ، ئاممىنى ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئالتۇن تەقدىم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. بۇ قېتىملىق ھەر-

كەتتە ئاما تولۇق ھەركەتلەندۈرۈلدى، ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى، مەھەللىلەردىكى ئاما، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار شۇنىڭدەك سوداسانائەتچىلەر ئالتۇن تەقدىم [قىلىش مۇنبىرى ئالدىغا توپلىشىۋېلىشىپ ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئامانەت قويغان پۇلىنى ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلىرى ۋە مۇلۇك، تەئەللۇق گۇۋانامىلىرىنى ئالتۇن تەقدىم قىلىش مۇنبىرىگە ئۆزلۈكىدىن تاپشۇرۇشتى. قېرىنداش مىللەت ئىچىدىكى زاتلار ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان گىلەم، ئىپەك كىيىملىرىنىمۇ تەقدىم قىلىشتى. 70 -80 ياشلارغا كىرگەن ئۇيغۇر مومايلارمۇ ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا نەق مەيداندىلا قۇلىقىدىكى ئالتۇن ھالقا ۋە قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلىرىنى ئېلىپ ئىككى قوللاپ ئالتۇن تەقدىم قىلىش مۇنبىرىگە سۇنۇشتى. بۇ قېتىمقى ئالتۇن تەقدىم قىلىش ھەركىتىدە ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئورغۇنلىغان ماددى بۇيۇملار يىغىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاممىنى چوڭقۇر تەربىيىلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىۋى ئېڭىنى يۇقىرى كۆتەردى، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىشتەك ئالىجاناپ روھىي گەۋدىلەندۈرۈلدى. 10 كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچى رايونىدا تەقدىم قىلىنغان ئالتۇننىڭ ئومۇمى سوممىسى شىنجاڭ پۇلىغا 1 مىليارت 200 مىليون سەرگە، جۇۋا 200 مىڭغا يەتتى. بۇندىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ماددى بۇيۇملار توپلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1940 - يىلى 9 - ئاۋغۇستتا، جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللەپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن توپلىغان ئىئانە پۇل، ئالتۇن-كۈمۈش، قىشلىق كىيىم-كېچەكلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىغاندا، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما 1937 - يىلى 9 - ئايدىن 1940 - يىلى 5 - ئايغىچە توپلىغان ئىئانە پۇل كۈمۈش تەڭگە ھېساۋىدا 3 مىليون 226 مىڭ سومدىن كۆپرەك بولۇپ، بۇنىڭدىن ئايرۇپىلان سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىغان پۇلدىن باشقا ھەممە پۇل ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ بېرىلدى.

5. گېزىت-ژورنال نەشر قىلدۇردى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما ئەڭ دەسلەپتە «جاھانگىرلىك دېگەن نىمە؟»، «فاشىزىم دېگەن نىمە؟» قاتارلىق ھەر خىلدىكى كىچىك قوللانمىلارنى شاپىگىراپتا بېسىپ تارقاتقان ئىدى. 1938 - يىلدىن باشلاپ، ئۇيۇشمىنىڭ ژورنالى «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ»نى تۈزۈپ نەشر قىلدى. بۇ ژورنال دەسلەپتە قەرەلسىز چىقىرىلىپ، كېيىن ئايلىق ژورنالغا ئۆزگەرتىلدى. «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» چىقىرىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 6 توپلام 30 نەچچە سان نەشر قىلىندى، ھەر بىر سانىدا كومپارتىيە ئەزالىرى

ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلار يازغان ئىلمىي ماقالا، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ياپونغا قارشى ئۇرۇش ھەققىدىكى مۇھاكىمە ماقالىلىرى بېسىلىپ تۇردى. 1939 - يىلدىن باشلاپ شىڭ شىسەي يازغان «6 بۈيۈك سىياسەتنى دەرسلىك»نى ئۇلاپ باستى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما «شىنجاڭ ياشلىرى» ئايلىق ژورنىلىنى نەشر قىلىپ كەڭ ياشلار ئۈچۈن ئىلمىي مۇھاكىمە مۇنبىرىنى ئېچىپ بەردى. باش ئۇيۇشما يەنە خەنزۇ ئۇيۇشمىنىڭ «شىنجاڭ سەنئىتى» ئايلىق ژورنىلىنى نەشر قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەرمىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن سورۇن ھازىرلاپ بەردى ھەمدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ «يېڭى قىلتىردىق» ژورنىلى، ئاياللار كېڭەشمىسىنىڭ«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژورنىلىنى نەشرقىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇندىن تاشقىرى يەنە باش ئۇيۇشما «ياپونغا قارشى ئۇرۇشھەجۋى رەسىملەر توپلىمى»، «ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئويما رەسىملىرىدىن تاللانما» شۇنىڭدەك «ياپونغا قارشى ئۇرۇش ناخشىلار توپلىمى» قاتارلىق مەخسۇس ژورناللارنى نەشر قىلدى. بۇ ژوربناللار ئىنقىلاۋىي ئىدىيىنى تەرغىپ قىلىش، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ۋەشىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى. «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ»نى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، باش ئۇيۇشمىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ باش كاتىۋى يولداش خۋاڭ مىنفۇ، 1938 - يىلى 7 - ئۇيابىردا «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» ژورنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، مەزكۇر ژورنال ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە زىچ ماسلىشىپ ئىنقىلاۋىي ئىدىيىنى پائال تەشۋىق قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھىم سۆز قىلدى.

6. ئىجتىمائىي يېڭى كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلدى. ياڭ زىڭشىن، جىن شۇرېنلار شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە جەمئىيەتتە ئەپيۇن، نەشە قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ - سېتىش، چېكىشتەك ناچار كەيپىياتلار ئىنتايىن يامراپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەممىلا جايدا ئوچۇق-ئاشكارا پاھىشىۋازخانا، قىمارخانىلار ئېچىلىپ ئىجتىمائىي كەيپىيات بۇلغانغان ئىدى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى. يەرلىك دائىرىلەرگە ماسلىشىپ زەھەرلىك چېكىملىكلەر، پاھىشە ئىشلىرى ۋە قىمار ئويناشنى چەكلەش ھەركىتىنى قانات يايدۇردى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزىدىغان ئەھۋاللارنى تازىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاقارتىش ھەركىتىنى پائال قانات يايدۇردى. شۆبە ئۇيۇشمىلارنى بىرلىك قىلغان ھالدا خەلق باشقۇرغان مەكتەپ، كەچكى كۇرسى، ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىنى نۇمۇسىيىلۇك تەشكىللەپ تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى.

ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى تارماق ئۇيۇشمىلار «كىچىك ئەپەندىلەر ئەترىتى» تەشكىللەپ كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە قاتنىشىشتا قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۆگەتتى. ھەر يىلى قىش پەسلىدە 2 ئايلىق قىشلىق ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى بۇ ھەركەتكە قاتنىشىشقا ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلدى. بۇندىن باشقا ئىشچى – خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار، ھەربىيلەر، دېھقانلارنى كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىپ، «خالىسانە ئەمگەك» شەكلىنى قوللىنىپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلدى، يول ۋە توغان ياسىدى، ياتاق سالدى. 1 – دارىلمۇئەللىمىنىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى – ئوقۇغۇچىلىرى 1940 – يىل يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، لومەنچىڭدە كېسەك قۇيۇپ، خىش پىشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكىگە تايىنىپ يېڭى مەكتەپنى قۇرۇپ چىقتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ «يەنئەن روھى» نىڭ مىئۇسى دەپ مەدھىيىلەنگەن ئىدى. ئائىلە توي ئىشلىرىدا نىكا ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ، نىكا ئىشىغا ئائىلە باشلىقى چات كىرىۋالىدىغان كىچىك خوتۇن ئالىدىغان ھەركەتلەرگە قارشى تۇردى. كۆپ قېتىم كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۇيۇشتۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كونا قائىدە – يوسۇن، نامۇۋاپىق ئادەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، يېڭى ئىجتىمائىي كەيپىيات تىكلەش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاخىرقى سۆز

يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەر پەقەت جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى ۋە ئاساسلىق پائالىيەتلىرىدىن ئىبارەت، ئاممىۋى خاراكتېرلىق سىياسى تەشكىلات بولغان جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما، كومپارتىيە ئەزالىرى قاتناشقانلىقى ۋە رەھبەرلىك قىلغانلىقتىن ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك ئىنقىلاۋىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن، پۈتۈن مەملىكەتمىقياسىدىمۇ كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان ئىدى. 1942 ـ يىلى شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى قىياپىتىنى ئوچۇق ئاشكارىلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش ئارپىسىدا جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما ئەزالىرىغا: «سىلەر 6 بۈيۈك سىياسەتكە سادىق بولۇڭلار، سەنمىنجۇيىغا (3 مەسلەك) ئېتىقات قىلىڭلار» دېگەن ئىدى. ئارقىدىنلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋالدى. 1943 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنىپ، جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشمىنىڭ ئەسلى ۋەۋىسكىسى ئېلىپ تاشلىنىپ ئۇنىڭ ئورنىغا گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ۋەۋىسكىسى ئېسىلدى. شىنجاڭ خەلقى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» ژورنىلىمۇ «يېڭى شىنجاڭ» ئاي-

لىق ژورنالغا ئۆزگەرتىلىپ كومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسىنىڭ ئورگان ژورنىلى قىلىندى. شۇندىن ئېتىۋارەن جاھانگىرلىككە قاشى ئۇيۇشما گەرچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەيدا قىلغان چوڭقۇر تەسىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدىغان نۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىنىك ئادرېسى

# ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما

شېرىپ خۇشتار

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى پائالىيىتى توغرىسىدا سۆز ئېچىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىي، تەشكىلىي ئاپپاراتى، ئىقتىسادىي ۋە ئۇنىڭ 20 يىللىق ھاياتىدىكى ئۇيغۇر مائارىپىغا قوشقان ئۆچمەس ئىش ئىزلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

(1)

30 ـ يىللار شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئاجايىپ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىق قالتىس يىللار ئىدى. قۇمۇل ۋەقەسىنىڭ باشلىنىشى، «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»نىڭ بولۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىدا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلۈك ياردىمى بىلەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، 6 بۈيۈك سىياسەت (جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش)نى يولغا قويدى. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشەنچە ۋە ياردىمىنى داۋاملىق قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ئىشىكنى چوڭ ئېچىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر جەھەتتىن، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە باشقا جەھەتلىرىگە ئالاھىدە ياردەم بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر قايسى ساھەدىن شىنجاڭغا ئەۋەتكەن خادىملار جىن شۇرىندىن قېپقالغان كونا تەنزىنى يىغىشتۇرالمايۋاتقان شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا يار-يۆلەكتە بولدى. ئەسلىدە، شىنجاڭدا ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنلا بىر خىل يېڭىلىق پىكىر ئېقىمى پەيدا بولغان بولۇپ، بۇنىڭ توپ يىلتىزى، ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا سودا - تىجارەت، تۇققان كۆرگىلى ۋە ئىشلەمچىلىك قىلغىلى چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى كۆرگەن ۋە ئىلغار تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلغانلار، بۇندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقا ئەينى زاماندا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ياكى ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇپ قېلىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن زىيالىلار، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر خېلى كۆپ ئىدى. بۇلار ئەسىرلەپ تاقالغان شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، جاھالەت ۋە خۇراپاتلىققا قارشى ئوت ئېچىشقا، ئىلىم - پەن بىلەن خەلقنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، ئۇلارنى ئۆز ئەركىگە ئىگە قىلىش يولىغا يېتەكلەشكە ئىنتىزار ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى شىنجاڭدا مەدەنىيەت دولقۇنىنىڭ باشلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. جۈملىدىن يەرلىك ھەر مىللەت زىيالىلىرى ئاجايىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇيۇشمىلىرىنى قۇردى. شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئۇيۇشما (ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئۇيۇشمىلىرى) 1934 - يىلى قۇرۇلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما، مىللىي ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئاممىۋى تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ۋارىسى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغۇچىسى بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ تەشكىلىي ئاپاراتى مۇكەممەل بولۇپ، مۇدىر، كاتىۋات، تەشكىلات، تەشۋىقات، مەدەنىي-مائارىپ، مالىيە ۋە تەپتىش قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان ئىدى. ئۈرۈمچىدە «مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما»، ۋىلايەتلەردە «ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما»، ناھىيىلەردە

«ناھىيىلىكشۆبە ئۇيۇشما» چوڭراق يېزا – كەنتلەردە «تار-
ماق ئۇيغۇر ئۇيۇشما» قۇرۇلغان. مەزكۇر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ
بارلىق خادىملىرى يەرلىك مىللىي زىيالىيلار، ئۇقۇمۇشلۇق
زاتلار ئىدى. بۇنىڭ مالىيە كىرىمى ھەر قايسى
جايدىكى ئۇيۇشمىلار ئۆز تەۋەسىدىكى مازار،
مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ ۋەخپىسى ① ۋە
ھوشۇر – زاكات ②، قۇربانلىق قىلغان تۆگە، كالا، قوي
قاتارلىقلارنىڭ ئۈچەي تېرىسى ھەم مۇلكىگە ۋارىسلىق قى-
لىدىغان ئادىمى يوقلارنىڭ مۇلكى قاتارلىقلار ئىدى. بۇ-
نىڭدىن كىرىدىغان كىرىم ئاز ئەمەس ئىدى. مەسىلەن:
قەشقەردىكى ئاپپاق غوجا مازىرىنىڭ 16 مىڭ مودىن ئار-
تۇق، قەشقەر شەھرىدىكى چاپان بازىرى جامەسىنىڭ 5
مىڭ مودىن ئارتۇق، ھېيتكا جامەسىنىڭ 3 مىڭ مودىن ئار-
تۇق، 3 ئورۇننىڭ جەمئى 24 مىڭدىن ئارتۇق يەرۋە كۆپ-
لىگەن دۇكان، باغ، ھويلا، تۈگمەن قاتارلىق ۋەخپىلىرى
بار ئىدى. شۇنداقلا قەشقەر شەھرىدىلا 154 مەسچىت، نەچ-
چە ئون مەدرىس، كۆپلىگەن مازارلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ

① ۋەخپى، ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ – ئادىتى (ئىسلام دىنى قائىدىسى) بويىچە مەسچىت، مازار، مەدرىسلەرگە يەر، ئۆي، باغ، دۇكانلار ۋەخپى قىلىنىدۇ.

③ ھوشۇر – زاكات، مىللىي ئادەت بويىچە دېھقانلار ھوسۇلنىڭ 1/10نى ھوشۇر، چارۋا مال، نەق پۇل، سودا تىجارەت كىرىمىنىڭ 1/40نى زاكات قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆز ئالدىغا ئەنە شۇنداق ۋەخپىسى بار ئىدى، پۈتۈن شىنجاڭنى كۆزدە تۇتقاندا بۇ خىل ۋەخپە، ھوشرە ـ زاكاتلاردىن كىرىدىغان كىرىمنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس...؟ شىنجاڭدا قۇرۇلغان بارلىق ئۇيۇشمىلار پەقەتلا خەلققە يەنى ئاساسەن دېھقانلارغا يۆلىنىپ (ۋەخپىلەرنى ھوشرە ـ زاكاتلارنى ئىختىيارىغا ئېلىپ) كۆپلىگەن ئىقتىساتقا ئىگە بولدى. بۇ ئىقتىساتنى تامامەن مەدەنىي ـ مائارىپ، خەلق ئاقارتىش ئىشىغا ئىشلەتتى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىچە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما 1934 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1944 ـ يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە 1883 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇپ، 180035 ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتتى. ئاشۇ يىللاردا ھۆكۈمەت قارمىقىدا 580 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ بۇنىڭدا 90333 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى بۇ مەكتەپنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلار قۇرۇپ، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارغىچە تەييارلاپ ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

شۇ يىللاردا شىنجاڭدا چوڭلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش كەچكۇرسى ئېچىلغان بولۇپ، 10 يىل جەريانىدا ھۆكۈمەت ئاچقان كەچكۇرسى 206 ئىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئاچقان كۇرسلار 740قا يەتتى. ھۆكۈمەت قارمىقىدا 1595 ئوقۇغۇچى ساۋات چىقارغان بولسا، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدا 133444 ئوقۇغۇچى ساۋاتلىق بولغان. ئۇنىدىن باشقا ئۇيغۇر ئۇيۇشما قار-

مقىدا 12 داردلتام بولۇپ بۇنىڭدا نەچچە ئۇن مىڭلىغان يىتىم
باللار ئوقۇغان ئىدى. بۇلارنىڭ قىسمەن راسخوتى ھۆكۈ-
مەتتىن ئېلىنسىمۇ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر ئۇيۇش-
مىدىن بولغان. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 32 كەسپ مەكتەپ
بولۇپ بۇنىڭ ئاساسىي ھۆلىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرغان.
بۇندىن تاشقىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشما يەنە، جاھانگىرلىككە قار-
شى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىۋى ۋاڭشۇچىڭ 1937-
يىلى مىللىي سىياسەت ھەققىدە بەرگەن دوكلاتىنىڭ روھىغا
ئاساسەن، 3 ئوتتۇرا مەكتەپ ئاچتى. بۇنىڭدا 440 ئوقۇ-
غۇچى ئوقۇدى. سىفەن سىنىپىدىن 11 نى ئېچىپ 520 ئو-
قۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدا سانا-
يىنەپسە، كۇتۇپخانا، 81 كۇلۇپ (كىنو، تىياتىر كۇلۇبى)،
32 سىتراتەت باغچىسى بولغان. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى
سانايىنەپسىلەردە 19648 نەپەر سەنئەت ھەۋەسكارلىرى تەر-
بىيىلىنىپ ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىنى راۋاجلاندۇردى. خەلق
ئاممىسىنىڭ سەنئەتكە بولغان ئارزۇسىنى تەمىن ئەتتى.
سىياسى جەھەتتە جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەشلەردە
مىللىي سەنئەتتىن پايدىلىنىپ تەشۋىق ئېلىپ باردى. بو-
لۇپمۇ ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ
ھەر ساھەدىكى خىزمەت نەتىجىسى ناھايىتى زور بولدى
(بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز). 1944 - يىلى كۈزدە 3 ۋى-
لايەت ئىنقىلاۋىي پارتلاپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئازاد قى-
لىندى. بۇ چاغلاردا 3 ۋىلايەتتىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

«ئىتتىپاق»قا ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. گومىنداڭنىڭ قولىدا قالغان 7 ۋىلايەت خەلقى تا 1949 - يىلى ئۆلكە ئازادبولغىچە ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. جۈملىدىن 7 ۋىلايەتتىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلار گىزەندىلەر ئۆۋىسىغا ئايلاندى. 11 ماددىلىق تېچلىق بىتىمدىن كېيىن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ جايىلاردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلار ئۆزىنى ئازلىغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەر ئۈرۈمچىدىن باشقا جايلاردىكى ئۇيۇشمىلار ئەكسىيەتچىلەرنىڭ چاڭگىلىدا قالدى. ئۆلكە ئازاد بولۇش بىلەن ئۈرۈمچىدە «ئىتتىپاق باش ئىجرائىيە ھەيئىتى» قۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى بارلىق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلارنى خادىمى، مۈلكى ۋە ۋەزىپىسى بىلەن ئۆتكۈزۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قۇرۇپ پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنى جايلارغىچە تەشكىللەپ ئىقتىساتنى تەرتىپكە سېلىپ، جەمئىيەتنى نورمال ئۆز ئىزىغا سېلىۋالغۇچىلىك بولغان 5 يىل ئىچىدە ئىتتىپاق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدىن ئىتتىپاققا ئۆسۈپ يېتىلگەن نەچچە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىدا پارتىيە - خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئۆتىدى.

1954 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇرئۇيۇشمىسىنى ئاساس قىلغان ئىتتىپاق تېجەپ قالغان ئىقتىسادىغا نەنىمىڭدىكى ئوتتۇرا ئازىيە بويىچە مىللىي ئۇسلۇپتا ئۇيغۇر بىناكارلىق

تېخنىكىسى بويىچە سىېلىنغان مەشھۇر «خەلق تىيا تىرى»نىڭ بىنا سىنى سىلىپ، ئۇنى تولۇق جاھا زىلاپ ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇندىن باشقا كۆچمەس مۈلۈك، قالدۇق ئىقتىسات ۋە 20 يىل جەريانىدا يېتىلگەن نەچچە يۈز مىڭلىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، تارىخىي ۋەزىپىنى تاماملىدى. ھازىرقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە خىزمەت قىلىۋاتقان كۆپلىگەن ئىلغار ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى قۇرغۇچىلار ۋە شۇنىڭدا ئۆسۈپ يېتىلگەنلەردۇر. بىز ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ئىلغار زىيالىيلارغا خەلقىمىزنىڭ ھۆرمەت ئېھتىرامىنى بىلدۈرىمىز.

**(2)**

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى پائالىيىتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جەڭ مەيدانلىرىدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن قان كېچىپ جەڭ قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن باشتىن ـ ئاياق ۋەتەن بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، ھەر خىل ئالاھىدە شەكىللەر ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي، دېموكراتىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىنقىلاۋىي كۈرەش تارىخىنىڭ شانلىق سەھىپىسىگە ئۆزىنىڭ
ئىنقىلاۋىي، كۈرەشچان ۋەتەنپەرۋەر جاسارىتىنى يازدى. «18-
سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، ياپون قاراقچىلىرى شىما-
لىي جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى. 1933 - يىلى
1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ياپون جا-
ھانگىرلىكىنىڭ شىمالىي جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا
قارشى تۇرۇش توغرىسىدا، ئۈچ شەرت ئاستىدا پۈتۈن مەم-
لىكەتتىكى ھەر قايسى ئارمىيىلەر بىلەن بىرلىكتە، «ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش خىتابنامىسى»نى ئېلان قى-
لىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇشنىڭ
مۇقەددىمىسىنى باشلىدى.

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا كۆپ ئۇچراپ
زۇلۇم دەردىنى كۆپ تارتقان شىنجاڭ خەلقى، جۈملىدىن
ئۇيغۇر خەلقى، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئوتتۇرىغا قويغان يا-
پون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇش ۋە پۈتۈن
مەملىكەت خەلقى بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجا-
ۋۇزىغا قارشى ئورتاق كۈرەش قىلىش شوئارىنى قوللىدى.
گەرچە ئالدىنقى سەپكە بېرىپ كۈرەش قىلمىسىمۇ،
ياپونغا قارشى يېڭىلمەس ئارقا سەپ بولۇپ، جۇڭگو گۇڭ-
چەنداڭى بىلەن سوۋېت گۇڭچەنداڭى ئوتتۇرىسىدىكى بې-
رىش - كېلىش مۇناسىۋىتىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى
ھەمدە شىنجاڭ، جۇڭگوغا بېرىلىدىغان خەلقارا ياردەمنىڭ
ئاساسىي قاتناش لىنىيىسى بولدى. بولۇپمۇ كېيىنكى يىل-

لاردا ئىچكى ئۆلكىدىكى ئاساسىي شەھەرلەر، قاتناش لىنىيىلىرى، دېڭىز يولى، پورتلار قولدىن كەتكەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگوغا بېرىلىدىغان ياردەم قورغاس ئارقىلىق كىرىپ، ئۈرۈمچىدىن لەنجۇغا ماڭدى. مۇشۇنداق جىددى پەيتتە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ قاتناش لىنىيىلىرىنىڭ بىخەتەر بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ يەنئەندىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىش - كېلىشى ۋە شىنجاڭدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىشىدە بىخەتەر قونالغۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ خەلقى جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئەينى يىللاردا جۇڭگو كۇڭچەنداڭى شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ ئىشلەپ، شىنجاڭدا ياپونغا قارشى تۇرۇش دولقۇنىنى قوزغىدى ۋە شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم نەتىجىلەرنى ياراتتى.

1934 - يىلى شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ تەشكىلىي ئۆلكە مەركىزىدىن ھەر قايسى يېزا - قىشلاقلارغىچە قۇرۇلۇپ خەلق ئاقارتىش يولىدا ئۇيغۇر باشلانغۇچ مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىغا كىرىشكەن ئىدى. ئۇ يىللاردا شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشەنچە ۋە ياردىمىنى داۋاملىق قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن «6 بۈيۈك سىياسەت»نىڭ مەلۇم نۇقتىسىنى جاھا-

گىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش دېگەن ئىككى چوڭ ماددىغا مەركەزلەشتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلقى بولسا، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلىپ يەتكەن، جۈملىدىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن (1917 — 1933) ئاپرېل ئۆزگىرىشىگىچە ① ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ سودىنى كونترول قىلىۋېلىشىغا، شىۋېتسىيىنىڭ دىن تارقىتىش ھەركىتىگە، گېرمانىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ھەر خىل ئاخبارات توپلاش ھەركىتىگە قارشى كۆرەش قىلىپ نەتىجىدە ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا تەسىرىنى، شىۋېتسىيىنىڭ دىن تارقىتىشىنى ۋە باشقا جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق ھەركەتلىرىنى بىتچىت قىلغان.

شىڭ شىسەي «6 بۈيۈك سىياسەت» نى ئېلان قىلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن شىنجاڭ خەلقى جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئاساسىي مىللەت بولغان ئۇيغۇر خەلقى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئال-

① 1919 - يىلدىن 1924 - يىلغىچە ئابدۇكېرىم خان باشچىلىقىدا ئەنگلىيىنىڭ سودا مانوپولىيىسىگە ۋە سىياسىي ئاغدۇرمىچىلىقىغا، ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدا شىۋېتسىيىنىڭ دىن تارقىتىشىغا قارشى ھەركەت بولۇپ غەلىبە قىلغان.

دىنقى سېپىدە تۇردى. 1933 ـ يىلى ياپون جاھانگىرلىكـ
ىنىڭ شىنجاڭدىكى چوڭ جاسوسى داشجۇڭ قولغا ئېلىنغانـ
دا ئۇنى قوللاپلا قالماستىن بەلكى، شىنجاڭدا چېركاۋ ئېـ
چىش بانىسى بىلەن جاسوسلۇق ھەرىكەت ئېلىپ بارغان
چەتئەل جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەشنى باشلىۋەتتى. مەـ
سىلەن: ئىلى ۋە ئۈرۈمچىدىكى چېركاۋلار تاقالدى، مال ـ
مۈلۈكلەر مۇسادىرە قىلىندى، جىنايەتكارلار قولغا ئېلىنـ
دى. قەشقەردىكى چەتئەل كونسۇللىرى ھەيدەپ چىقىرىلـ
دى. چەتئەل خادىملىرى، سودا ـ شاگىرتلىرى ھەيدەلدى
ياكى نەزەربەنت قىلىندى. بۇ ئىشلارنى ئامانلىق ساقلاش
ئورۇنلىرى قىلدى، لېكىن ئاساسىي خىزمەتچىلەر ئۇيغۇر
يولغانلىقى ئۈچۈن خىزمەتنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى شۇـ
لاردا بولدى.

1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىنجاڭدا
تۇنجى «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» قۇـ
رۇلدى. بۇنىڭ باشلىقى شىڭ شىسەي، باش كاتىۋى 10
چوڭ دوكتۇرنىڭ بىرى لاڭ داۋخېڭ ئىدى. «جاھانگىرلىكـ
كە قارشى ئۇيۇشما» سىياسى خاراكتېردىكى ئاممىۋى تەشـ
كىلات بولۇپ، ئۇنىڭ نىزامىدا تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى
«6 بۈيۈك سىياسەت»نى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشتىن ئىـ
بارەت دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ تەشكىلاتقا ھەر مىللەت ئىشچىلىرى،
دېھقانلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار، سودىگەرلەر، ھەر
بىيلەر، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى

ئىش قىلىپ ھەر ساھەدىكى كىشىلەر قاتناشقان. كومپارتىيە ئەزالىرى بولسا شەخسى نامى بىلەن قاتنىشىپ دائىرە ئىچىدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغان. «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى»غا قاتناشقان ئۇيغۇرلار يەنىلا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى، كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۈرۈمچىدىن تا يېزا - قىشلاقلارغىچە ئورۇنلاشقان. شۇڭا «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشما» ھەممە ئىشتا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا يۆلەندى. پۈتۈن پائالىيەت ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلدى.
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش يولىدا خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش بويىچە كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات خىزمىتى ئېلىپ بېرىش، ئاممىنى ئويغىتىش لازىم ئىدى. ئەينى يىللاردا شىنجاڭدا مىللىي، ئىجتىمائىي ۋە ئاممىۋى تەشكىلات بولغان ئۇيغۇر ئۇيۇشما بۇ ۋەزىپىنى دادىللىق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدىن شىنجاڭنىڭ 4 بۇرجەك 8 گىرداۋىدىكى بارلىق خەلقلەرگە جاھانگىرلىككە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى. (1) ئېغىز تەشۋىقى بىلەن جاھانگىرلارنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈردى؛ (2) يازما تەشۋىقات — تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تارقىتىلدى، شوئار، لوزۇنكىلار ئېسىلدى؛ (3) ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ناخشىلار ئوقۇلدى، ئاممىغا ئۆگىتىلدى؛ (4) ھەرخىل لەپەر، كومېدىيە ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇردى؛

(5) كوچا تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى، داقا - دۇمباق چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، سازچېلىپ ئادەم يىغىپ تەشۋىق قىلدى. ھەتتا دىننىي زاتلاردىن پايدىلىنىپ مەسچىت، مەدرىسلەر ھەتتا ئائىلە ئاياللىرى ئىچىدىمۇ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ياپون جاھانگىرلىكى شەرقىي شىمالغا تاجاۋۇز قىلىپ ئۇرۇشنى شىمالىي جۇڭگو ۋە شەرقىي جۇڭگوغا داۋاملىق كېڭەيتىۋاتقان، جۇڭخۇا مىللەتلىرى جىددى خەۋپ ئاستىدا قالغان پەيتتە، شىنجاڭ خەلقى ياپونغا قارشى تۇرۇش ھەركىتىنى يالغۇز مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپلا قالماستىن ماددى جەھەتتىنمۇ قوللاپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى. يەنى، 1937 - يىلدىن باشلاپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەمبېرىش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ئىشىنى ئېلىپ باردى. بۇ ۋەزىپىنىڭ تۆۋەندىكى ھەر قايسى تارماقلاردىكى ئاساسي ئىجراچىسى ئۇيغۇر ئۇيۇشما بولدى.

1937 - يىلى 11- ئايدىن باشلاپ ياپونجاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ھەركىتى شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى. شىنجاڭنىڭ مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى تېخىمۇگەۋدىلەندى. شۇ زامان شارائىتىدىن ئېيتقاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا شىنجاڭ خەۋپسىز ئارقا سەپ بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت بىلەن يېقىن خوشنا ئىكەنلىكى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئىلغار زىيالىيلىرى ئىنقىلاۋىي ئىدىيىنىڭ ۋارىسلىرى ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى. ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان

ھەرمىللەت زىيالىيلىرىغا ۋە شىنجاڭ خەلقىغە زىچ ماسلىشىپ شىنجاڭدا مەدەنىيەت دولقۇنى قوزغاش مەقسىتىدە بىر بۆلۈم كومپارتىيە ئەزالىرى شىنجاڭغا كېلىشكە باشلىدى. 1938 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەن كومپارتىيە ئەزالىرىدىن لىن جىلۇ، لى جېڭلياڭ (لى يۈنياڭ)، جۇدەنخۇا، ليۇمېيەن قاتارلىق كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭ شۆيۈەن، ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە كېلىپ رەھبەرلىك ۋە ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. بۇ يولداشلار جاھانگىرلىككە قار- شى ئۇيۇشما 1 ـ قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كې- يىنكى باش كاتىپ يۈي شۇسۇڭ (ۋاڭ شۇجېڭ)، ئۇندىن كېيىنكى باش كاتىپ خۇاڭ مىنفۇ (خۇاڭ خۇچىڭ) شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەنسۇر، ۋاڭ شاۋ- چۈەن، سېيىت ھاجى، ھاشىم ھاجى قاتارلىق كوممۇنىستلار بىلەن زىچ بىرلىشىپ، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئالاھىدە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

بولۇپمۇ لىن جىلۇ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولغاندىن كېيىن، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تىياتىر پائا- لىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندۇردى. شۇ چاغدا، لىن جىلۇ ئۆزى يېزىپ، ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلغان، «سادا» دېگەن دراما مەكتەپتە، كېيىن كوچىلاردىمۇ ئوينالدى. 1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەكتەپلەرئارا دراما



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭدا ئاساسىي نىشان ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ئىپادىلەيدىغان نومۇرلار ئىدى. مۇشۇ مۇنا-سىۋەت بىلەن ئۇرۇمچىدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىمۇ درامىما مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى، يول شۇنىڭ بىلەن ئېچىلدى ... «ئۇيغۇر ئۇيۇشما»، مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن باشلاپ تا يېزا - قىشلاقلاردىكى تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلارغىچە بولۇپمۇ، ھەربىر ناھىيىدىكى سانائە-نەپىسلەر ۋە مىللىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلى-رى ھەركەتكە كېلىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى-نى كۆرسىتىدىغان ھەر خىل درامىلارنى ئوينىدى. بۇ كۈن-لەردە ئاساسەن ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيىتىگە يۈلەن-دى. مەسىلەن: شۈكۈر يالقۇن يازغان «شاڭخەي كېچىسى»، «مۇھىم ھۆججەت»، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ يازغان «ئەجەل ھودۇقۇشىدا»، × × × يازغان «ئۆز مۇھىت»، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىش-لەنگەن كىنو «چېگرىدا» (بۇ فىلىمدە ياپون باسقۇنچىلىرى-نىڭ ساخار، چاخارغا قىلغان ھۇجۇمىنىڭ پاجىئەسى ئەكس ئېتىلگەن) دىن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن «چېگرىدا» درامىمى-سى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە قا-تارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ دۇنيانى بۆلۈۋېلىش خام خىياللىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان ھەرخىل درامىلار ئوينىلىشقا باشلىدى. شۇنداقلا ھەرقايسى ۋىلا-يەت،ناھىيىلەردەئىجاتقىلىنغان ھەرخىل نومۇرلارمۇكۆپ ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1939 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، شىن يەنبىڭ (ماۋدۇن)، جاڭ جۇڭشى قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ ئىنىستىتوتى ئەدەبىيات پاكولتېتى ۋە سىياسى مائارىپ پاكولتېتىنىڭ مۇدىرى بولغاندىن كېيىن، شۇ دەۋردىكى ھەرمىللەت ئەدەبىي ـ سەنئەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. مەسىلەن: شۇكۇر يالقۇن يازغان «شاڭخەي كېچىسى»نى كۆرۈپ، ئاپتورى بىلەن سۆھبەت قىلغاندا: «ئەسىرىڭىز بەكمۇ ياخشى يېزىلغان، بۇ ئەسەرنى شىنجاڭدىلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئوينىسا بولىدىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن كۆپ يېزىڭ.» دەپ ئىلھام بەرگەن. ئۇنىڭ موسكۋادا ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ مەن شىنجاڭدا سىزدەك ئالىي مەلۇماتلىق، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئادەملەر بار دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمەن دېگەن. شېن يەنبىڭ (ماۋدۇن) ئۇرۇمچىدە تۇرغان مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاساس قىلغان «شىنجاڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتى»نى قۇردى ۋە شەخسەن ئۆزى مەسئۇل بولدى. بۇ كۈنلەردە ھەر قايسى مىللەت ئۆز ئۇيۇشمىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ھەركىتى ئېلىپ باردى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىمۇ ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ھەركىتى ئېلىپ باردى. بۇ چاغدا «خەنزۇ ئۇيۇشما» قارمىقىدىكى ھەرقايسى تىياتىرخانىلار، «يېڭى گازارما» ۋە خەنزۇ ئالىي ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەر «قامچاڭنى

تاشلا»، «سىگنال»، «نامسىز قەھرىمان»، «18 ـ سېنتەبىر ھازىسى»، «ئوتاقچى» قاتارلىق دىرامىلارنى ئويناشقا باشلىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى بولسا، «پىرخون»، «ئۆز مۇھىت»، «شاگخەي كېچىسى»، «زۇلۇمغا زاۋال»، «زەينەپكە تۆھمەت»، «رابىيە ـ سەئىدى»، «غۇنچەم»، «چىن مودەن»، «ئەجەل ھودۇقۇشىدا»، «غېرىپ ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «پەرھات ـ شىرىن»، «ئارشىن مال ئالان» قاتارلىق 40 تىن ئارتۇق دىراما، كومېدىيە، 200دىن ئارتۇق ناخشا ـ ئۇسسۇلنى سەھنىلەشتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ياپونغا قارشى تۇرۇش ھەركىتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقىمىزنىڭ سەنئەتكە بولغان خۇمارىنى قاندۇردى. يەنى، «شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن نامغا لايىق ئىشنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما نامايەن قىلدى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە «ئۇيغۇر ئۇيۇشما» باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش «پىدائىلار مارشى»، «قىلىچ مارشى»، «سەرسانلىق ھەققىدە ئۈچ ناخشا» قاتارلىقلارنى ئوقۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر خىل مىللىي ئاھاڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇلغان «ئەتە ئۇرۇش بولسا» قاتارلىق بىر قانچە جەڭگىۋار ناخشا ئاھاڭلىرىغا يېڭى تېكىست يېزىپ خەلقىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىسپاتلىدى.

ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ھەركىتى ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەرەپلىمە، داغدغىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇ يىللاردا كىنو ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى زور بولدى. ئەسلىدە ئۈرۈمچىگە تۇنجى كىنو 1925 - يىللىرى كىرگەن① بولسىمۇ 1937 - يىلى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ھەركىتى ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغاندىن كېيىن، كىنو ئىشلىرىدا يېڭى بىر دولقۇن قوزغالدى. ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزى، قىرغىز، قازاق ئۇيۇشمىلىرى بولۇپ، ھەر قايسى ئۇيۇشمىلار كىنو سەنئىتى ئارقىلىق ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنىڭ جانلىق تەشۋىقاتىنى ئېلىپ باردى. مەسىلەن: ئۇ چاغلاردا شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقى كىنو فىلىمى بىلەن تەمىنلەيتتى. جۈملىدىن

---

① ئۈرۈمچىگە كىنو 1925 - يىلى كىرگەن بولۇپ، ئۇ چاغدا كىنو ئاپاراتى، كىنو فىلىملىرى ھازىرقى زامان كىنوسىنىڭكىدىن ناھايىتىمۇ تۆۋەن ئىدى. دەسلەپتە ئېكراندا پەقەتلا ھەركەتسىز سۈرەت چىقاتتى، كېيىن ھەركەتلىككە تەرەققىي قىلدى. ئاۋازسىز ئىدى. 1930 - يىللارغا كەلگەندە تېخنىكا جەھەتتە ئىلگىرىلەش بولسىمۇ يەنىلا ئاۋازسىز ئىدى. 34 - يىلى ھەركەتلىك، ئاۋازنى فاتىفۇندىن بېرىدىغان كىنولار قويۇلغان. 1935-يىلى ئۈرۈمچى سودىگەرلىرىدىن ئەمەت شاگىۋ، قادىر ھاجىم، ئەمەت ئاخۇنۇم قاتارلىقلار سوۋېتتىن ئاپارات سېتىۋېلىپ، ھازىرقى ئازادلىق يول مەدەنىي بۇيۇملار ماگىزىنى ئورنىدا «شەرق كۇلۇپى»نى قۇرغاندىن كېيىن كىنو ئىشلىرى يەنە بىر قېتىم جانلاندى، شۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتلار ئالدىنقىلارنىڭ راۋاجلىنىشى بولۇپ قالدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلىگەن «تىراكتورچى»، «فەرغانە قا-
نال»، «فۇرونتتىكى سولدات»، «ۋاسلىسا» (پاقا چوكان)،
«چاپايېۋ»، «گىرانىشتات» قاتارلىق فىلىملەر قويۇلاتتى.
1937 - يىلى ياپونغا قارشى تۇرۇش ھەركىتى
كەڭ كۆلەمدە قانات يايغاندىن كېيىن، قويۇلىدىغان فىلىم-
لارمۇ ئۆزگەردى. مەسىلەن: جوڭگودا ئىشلەنگەن «يېرىم
كېچىدىكى ناخشا ئاۋازى»، «چىڭ شاگلىيەن» (ۋاپاسىز
ئەر - خوتۇن) قاتارلىقلار، بولۇپمۇ «ۋاڭ جېيايۇكۇنلىرى»
دېگەن ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئېچىپ
بېرىدىغان ئىلغار فىلىملار كەڭ كۆلەمدە قويۇلدى.
بۇ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ
ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ماسلاش-
تۇرۇپ، كۆپلىگەن ئىلغار فىلىملىرىنى شىنجاڭغا يەتكۈزۈپ
بەردى. مەسىلەن: «چېگرىدا»، «ناگىرانىتسا (ھەسەن كۆل
ۋەقەسى)» قاتارلىق ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شەرقىي
شىمالغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتىنى پاش
قىلىدىغان فىلىملار قويۇلدى. بۇ فىلىم ئەينى يىللارداشىن-
جاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، بولۇپمۇ
ياپون ئالۋاستىلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە زور مە-
نىۋى ئوزۇق بولغان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا، سوۋېت
ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن 1 - ۋە 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئەھۋالى
ئەكس ئەتتۇرۇلگەن «ئۈچ تانكىست»، «بەش قەھرىمان»،
«زويا ۋە شورا»، «مايور رازۋېتچىك»، «3 - زەربە»،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«بېرلىنىنىڭ تەسلىم بولۇشى» قاتارلىق جەڭگىۋار فىلىملەر، «فەرغانە قانال»، «كولخوزدا»، «پاختىكارلار» قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى مەدھىيەلەيدىغان ئىلغار فىلىملار قويۇلدى.

شىڭشىسەي «ئىلغار» لىق تونىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى كىنوفىلىملىرىنى قويۇشنى چەكلىدى. بولۇپمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە سوۋېت كىنوفىلىملىرى قويۇلمىدى قويۇلغاندا كىنوخانىلار بۇلاندى، خەلق ئۇرۇپ ـ سوقۇلدى. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى يىرتىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا قايتتى. شۇندىن باشلاپ ئۈرۈمچى ئىبكىرانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، گوڭچەنداڭغا، خەلققە قارشى فىلىملەر قويۇلۇشقا باشلىدى.

ئەيسا ئالىپ تىكىن مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا رەئىس بولغان مەزگىلدە، ئۈرۈمچى ئىبكىرانىدا ئامېرىكا فىلىملىرى قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئاغزى قولىقىغا يەتكىدەك خوشاللىقتا چۆمۈپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى 25%ھەق ئېلىپ كىنو فىلىملىرىنى بەرسە، بىز ھەق ئالمايمىز...» دېدى. نەتىجىدە بىر مەزگىل ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن

«تەرزان» دېگەن فىلىم (بۇ فىلىمدە بىر ياۋايى ئادەمنىڭ هايۋاناتلار بىلەن كۆرەش قىلغان ئەھۋالى تەسۋىرلىنەتتى) قويۇلۇشقا باشلىدى. كېيىن «دېڭىز قۇشى»، «تەبىئەت مەنزىرىسى» قاتارلىق فىلىملارنى قويغان بولسىمۇ، خەلق ئاممىسى بۇ فىلىمنى كۆرمەيدىغان بولدى. دېمەك ئاخىرى سەھنىدىن ئۆزلۈكىدىن قوغلاندى. ئۈرۈمچى خەلقى بولسا، ئوخشاشلا هازىرقى ئۆزۈن سەپەر كىنوخانىسى ئورنىدىكى رۇس كۇلۇبىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن فىلىملەرنى كۆرۈۋەردى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا ئۈرۈمچىنىڭ كىنوچىلىق خىزمىتى هەرقايسى دەۋرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ياپون جاهانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش باشلانغاندا ئىنتايىن مول نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئىدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشما مەتبۇئاتچىلىق ساهەسىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.مەسىلەن: مەركىزىي ئۇيۇشمىدىن تا ناهىيىلىك ئۇيۇشمىغىچە، ئۆز ئالدىغا مەتبۇئات قۇردى. مەركىزىي ئۇيۇشما 1935 - يىلى ئۇيغۇر تىلىدا «شىنجاڭ» ژورنىلىنى، كېيىن يەنە «بىزنىڭ ئاۋازىمىز» ژورنىلىنى نەشر قىلدى. قەشقەردە «يېڭى هايات»، تارباغاتايدا «بىزنىڭ تاۋۇش»، ئاقسۇدا «ئاقسۇ ئۇچۇرى»، قاراشەردە «يۇلتۇز»، كورلىدا «باغراش»، لوپنوردا «تەكلىماكان» قاتارلىق گېزىتلەر چىقىرىلدى. ئىش قىلىپ شىن يەنبىڭ، جاڭ جوڭشىيلار «مەدەنىيەت جەمئىيىتى» قۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە

زور ئىلگىرىلەش بولدى.

1936 - يىلدىن 1939 - يىلغىچىلىك بولغان 3 يىل ئىچىدە ھەر خىل يېزىقتىكى دەرسلىكتىن ھۆكۈمەتجەمئى 300 مىڭ پارچىدەك نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى 1 قىسىم 20 مىڭ پارچە، ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكى 2 قىسىم 5000 پارچە ئىدى، بۇ دەرسلىكلەر ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەس بەلكى پەقەت مۇئەللىملەرنىڭ دەرس ئۆتۈشىگىلا يېتەتتى. بۇ كۈنلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقئارا كىتابخانىسى، شىنجاڭ مەدەنىيەت كىتابخانىسى بىلەن سودا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ ئۈرۈمچى ۋە باشقا شەھەرلەردە تىجارەت باشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە مەملىكەت ئىچىدە نەشر قىلىنغان ھەر خىل ئىلغار كىتاب، ژورناللار بولۇپمۇ سوۋېت خەلقارا كىتابخانىسىدا سېتىلىدىغان مىللىي يېزىقتىكى كىتاب - ژورناللار شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ بولۇپمۇ ھەرمىللەت ياشلىرىنىڭ ئىزلىنىپ ئوقۇيدىغان، دۇنيانى، ۋەزىيەتنى چۈشىنىدىغان مەنىۋى ئوزۇقىغا ئايلاندى. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئەۋج ئالغان، شىنجاڭدا ياپونغا قارشى ھەركەت باشلانغان نۇقتىلىق يىللاردا شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە گېزىت يوق ئىدى. شىنجاڭ گېزىتى خەنزۇچە چىقاتتى، كەڭ خەلق ئاممىسى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ھەركىتى توغرىسىدىكى مۇھىم ماقالا - خەۋەرلەردىن بەھرىمەن بولالمايتتى. 1936 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى

كومپارتىيە ئەزاسى مەنسۇر ئەپەندى (ۋەتەن ئوغلى)نىڭ تەشەببۇس ۋە باشلامچىلىقى بىلەن ئۇيغۇر مىخ مەتبەدە شىنجاڭ گېزىتى چىقىرىلدى. شۇندىن باشلاپ شىنجاڭدىكى تۈركى تىللاردا سۆزلىشىدىغان ھەر مىللەت خەلقلىرى گېزىتتىن بەھرىمەن بولدى.

1936 - يىلدىن باشلاپ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بىۋاستە ھەمكارلىقى ۋە قول تىقىپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش تەشۋىقاتى ۋە ئىئانە توپلاش ھەركىتى ئېلىپ باردى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما مەركىزي ئۇيۇشمىسىدىن تاكى يېزا-كەنتلەردىكى تارماق ئۇيۇشمىغا قەدەر ھەركەتكە كېلىپ، ئۆزلىرى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىنىڭ سىرتىدا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ھەركەتلەندۈرۈپ ئىئانە توپلاش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلدى. قەشقەردە چاق ئىگىرىپ (يىپ ئىگىرىپ) ھايات كەچۈرىدىغان بىر تۇل ئايال × × × دەسمايىسى بولغان بىرجىڭ پاختا يىپىنى، خوتەننىڭ × × × يېزىسىدىكى بىر تۇل ئايال تىرىشۋالغان بۇغداي باشاقلىرىنى ئۆزى يىمەي ئىئانە قىلغان. كىشىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى، قەشقەر دارىلئىتامدا ئوقۇۋاتقان بىر يېتىم بالا ئۇرۇش دەھشىتىدىن يىلىڭ - يالىڭاچ قالغان ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ھۆكۈمەت بەرگەن بىر قۇر پاختىلىق كىيىمىنى

ئىئانە قىلىنغان. 1936 - يىلىدىكى 1 - قېتىملىق توپلانغان ئىئانە بىر مىليارت 700 مىليون سەر (شىنجاڭ پۇلى) بولغان. 1937 - يىلى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئو-مۇمىيۈزلۈك ھەركەتكە ئايلانغاندىن كېيىن ئىئانە توپلاش ۋە ئىئانە قىلىش ئىشى ناھايىتى داغدۇغىلىق بولۇپ خەل-قىمىز بەسلىشىپ ئىئانە قىلدى. شۇندىن باشلاپ ئىئانە توپلاش دائىملىق ھەركەتكە ئايلاندى. 1938 - يىلى توپلانغان ئىئانە شىنجاڭ پۇلى ھېسابىغا 2 مىليارت 400 مىليون سەر (تەڭگە ھېسابىغا 600 نەچچە مىڭ سەر) بولۇپ، بۇ پۇلغا 10 دانە كۆرەشچى ئايروپىلان سېتىۋېلىپ، «شىنجاڭ» دېگەن بەلگە قويۇپ، 39 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ بەردى. بۇ ئايروپىلانلار ۋۇخەننى قوغداش جېڭىگە قاتناشقان. 1939 - يىل 11 - ئايدا، ئىئانە ئۈچۈن «ئالتۇن تەقدىم قىلىش ھەيئىتى» قۇرۇلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما بۇ ھەركەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، تەشۋىق-تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. نەتىجىدە كۆپلىگەن ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن زىرە، ئالتۇن ئۈزۈك ۋە رەڭگە ھەم كېپەك ئالتۇنلار ئىئانە قىلىندى. ئاقسۇ كونىشەھەردە ئولتۇرۇشلۇق بىر ئۇيغۇر ئايال يىغىن مەيدانىغا 50 سەرلىك يامبۇدىن 27 نى پەتنۇسقا سېلىپ چىقىپ ئىئانە قىلدى. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ، بۇ ھەركەتكە ئىشچى - خىزمەتچىلەر، سەنئەتچىلەرمۇ قاتناشقان بولۇپ ھەركىزنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانايىنەپىسە ئارتىسكىسى

قەمبەرخانىم ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىئانە قىلىشتىن باشقا مەرھۇم سىڭلىسى گۈلبەھرەم بىلەن نەچچە ئاخشام ئويۇن قويۇپ ئۇنىڭ كىرىمىنى ئىئانەقىلدى. مەشھۇر داۋاز سىيدىق ھاشىم بىر قانچە رەت دار ئويۇنى ۋە باشقا ئويۇنلار كۆرسىتىپ كىرىمىنى ئىئانەقىلدى. مۇنداق پىداكارلىقلار شىنجاڭدىكى ھەر قايسى سانائىنەپىسلەردە ناھايىتى كۆپ، قىزىقارلىقى ئۇيغۇر مەدداھلىرى مەدداھلىق قىلغاندا ياپونغا قارشى تەشۋىقاتنى بىرگە ئېلىپ باردى. ئۇلار ھېكايە تەسۋىرىدىكى نامەلۇم قەھرىمانلارنىڭ دۈشمەنگە ئۇرغا نەيزە، ئوموتلىرىنى«ياپون ئالۋاستىلىرىغا ئەنە شۇنداق ئۇردىلاركى ئۇلار يەر بىلەن يەكسان بولدى» دېگەن جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەپ ئىنقىلاۋىي خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. نۇراجىم قاتارلىق مەشھۇر مەدداھلار، سورۇنلاردا خەلقتىن يىغىۋالغان پۇلنى سانىماي تۇرۇپ ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى ئىئانە توپلاش ھەيئىتىگە تاپشۇردى.

1940 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، 37 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1940 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تەڭگە ھېسابىغا جەمئى 2 مىليون 220 مىڭ سەردىن ئارتۇق، ئۇندىن باشقا كۆپلىگەن ئالتۇن، كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى ئىئانە قىلغان. ستىۋىلىنغان ئايروپىلاندىن باشقا پۇللار «مەملىكەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياپونغا قارشى ئارقا سەپ ياردەم جەمئىيىتىگە» ئەۋەتىپ بېرىلگەن. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭ گېزىتى ئىلان قىلغان باش ماقالىسىدا، «شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن قىلغان ئىئانىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىئانىسىدىن ئارتۇق، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى بارلىق جەڭچى ۋە خەلقلەر مىننەتدارلىق بىلدۈردى». دېيىلگەن ئىدى.

### خاتىمە:

ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ دەسلەپكى يىللاردا بارلىق كۈچىنى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مائارىپىغا سەرپ قىلغان بولسا، ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە بارلىق ئىش ھەركىتىنى جاھانگىرلىككە، بولۇپمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا قاراتتى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما مىللىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي تۈس ئالغان ئاممىۋى تەشكىلات. ئۇ شىنجاڭدا ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنلا ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان، تەشكىلىي ئاپاراتى كۆپ، ئىقتىسادىي مول، خىزمەت دائىرىسى كەڭرى ئورۇن، جۈملىدىن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئەينى يىللاردا ھەر قانداق مىللىي، ئىجتىمائىي ۋە ئاممىۋى ھەرىكەتلەر ئىلىپ بارسا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا يۆلەنگەن، دۇرۇس، شىنجاڭدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدەك

ھەركەت دائىرىسى كەڭ بولىدى. ئەمەلىي ئىشلارنى «ئۇ-يۇشمىلار» ئۇيغۇر ئۇيۇشما قىلدى. جۇملىدىن ياپونغا قارشى ئۇرۇش ھەركىتىنىڭ ئالدى كەينىدە ئېلىپبېرىلغان بارلىق سىياسى، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھەركەتلەرنىڭشان-شۆھرىتى (ھەر قايسى ئۇيۇشمىلارغا) ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا مەنسۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈرۈمچى ئۇيغۇر سەنئىتى توغرىسىدا

شېرىپ خۇشتار

كۆپ ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر سەنئىتى، جاھان سەنئىتى قاتارىدىن ئۆزىگە خاس ۋە مۇناسىپ ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇزۇن تارىخى دەۋر ۋە جاپالىق تەرەققىياتلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى.

قاراخانىلار دەۋرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى بولغان 300 يىلغا يېقىن تارىخى جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن سەئىدە سۇلالىسى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئۆتكۈرزىددىيىتى، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇم ـ ستەملىرى تۈپەيلىدىن ھەر خىل چوڭ ـ كىچىك توپىلاڭلار بولۇپ، قانلىق نىزالار ئەۋجىگە چىققانلىقتىن، ئىلىم ـ مەرىپەت، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ئاياق ئاستى قىلىنغان ئىدى.

سەئىدە سۇلالىسىدىن تاكى دۆلىتىمىز ئازات بولغانغا قەدەر بولغان 400 يىلدىن ئۇشۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر سەنئىتى ئاجايىپ ئەگرى ـ توقاي جاپالىق يوللارنى بېسىپ ئۆتتى. مۇشۇ يىللاردا سەنئەت ۋە مۇزىكىشۇناسلىق

ساھەسىدە نۇرغۇنلىغان مەشھۇر شەخسلەر، ئىجاتكارلار مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان زوراۋان سىنىپلارنىڭ مۇستەبىتلىكى تۈپەيلىدىن ئۆز ئىستىداتلىرىنى جارى قىلالماي قالماي، بەلكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى بەدىلىگە زامان ۋە سەنئەت رەقىپلىرىنىڭ رەھىمسىز جازاسىغا ئۇچرىدى. شۇنداقتىمۇ ئەمگەكچى خەلق خىلمۇ ـ خىل ئۇسۇللار ئار-قىلىق ئۆز سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ سەنئەت ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ كەلدى.

مەنچىڭ ئىستىلاسىدىن كېيىن، ئۇيغۇر سەنئىتى ئىككى سىقىلىش ئوتتۇرىسىدا قالدى. بىرىنچى سىقىلىش دىنىي مەزھەپلەرنىڭ خۇراپى ئىستىبداتلىقى بولسا، ئىك-كىنچىسى مەنچىڭ ئىستىبداتلىرىنىڭ مانجۇلاشتۇرۇش سىياسى بېسىمى بولدى. بۇ ئىككى بېسىم ئاستىدا مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەت، سەنئەت زور يوقىتىشقا ئۇچ-رىدى. بىراق، «ياپراق چۈشسە شاخ، شاخ چاتالسا غول، غول كېسىلسە يىلتىز قالىدۇ» دېگەندەك ھۆكۈمران سىنىپ-لار قانچە قىلسىمۇ ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەت ۋە سەنـ ئەتنى ئۈزۈل ـ كېسىل قىرقىپ تۈگىتەلمىدى.

«كېسىپ قۇرۇتۇلسىمۇ جاڭگال،

باھار ئاپتىۋىدا كۆكلەيدۇ ـ دەرھال.»

نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي يىلتىز تارتقان مىللىي سەنئەت ئۆز رەقىپلىرىنىڭ قاتمۇ ـ قات تۇسالغۇلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇزۇپ تاشلاپ ئۆزىنى نامايەن قىلدى.

ئۇرۇمچىنىڭ يېقىنقى 100 نەچچە يىللىق ئۇيغۇر سەنئەت تارىخىدىن سۆز ئاچىدىغان بولساق، مەنچىڭ خاندانلىقى ئۇرۇمچىدە ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىنمۇ ئۇيغۇر سەنئىتى ئۇرۇمچى خەلقىنىڭ سەنئەت ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپ كەلدى.

18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى ئۇرۇمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بولۇپمۇ دارۋازچىلىقتەك يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا جەۋلان قىلىدىغان ماھارەتلىك سەنئەتنى كۆرۈپ باقمىغان مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى، چىرىك خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغان ئىدى. مەلۇمكى دارۋازچىلىق سەنئىتىدە — مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بولۇشى ناھايىتى مۇھىم. دارۋاز يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدىكى بىر تال ئاغامچىدا دادىل قەدەم تاشلىغاندا يەردە يېقىملىق چېلىنغان مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا پۇتىنى كەلتۈرۈپ ئىلگىرىلەيدۇ. دۇنيا سەنئىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان دارۋازلىق سەنئىتىدە مۇزىكا بولۇشتىن تاشقىرى يەنە سېھىرگەرلىك، موللاق ئېتىش، جەڭۋازلىق، قىلىچۋازلىق، تاش چېقىش، پىچاقۋازلىق، توپبازلىق، رەڭ - رەڭ ئويۇنتىش، ئاتەشۋازلىق، چىنە ئويناش، كۆز باغلاش ۋە ناخشا - ئۇسسۇل سەنئەتلىرى بىرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل ئويۇنلار ئەينى زاماندا ئۇرۇمچىنىڭ كەڭ قاقاسلىق تۈزلىكى بولغان سەنشى ئۇخۇ (35 تۈتۈن) يەنى

كونا ئايرۇدۇرۇمدا ئوينالغاندا پۈتۈن ئۈرۈمچى زىل ــ زىلىگە كەلگەن،ھەتتا قورقاقھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلار «بۇ ئادەم ئەمەس جىن ـ ئالۋاستى، بۇ يەر «غەرپكە ساياھەت» دە ئېيتىلغان جىنلار ماكانى ئىكەن، بۇلارنى يوقىتىش كېرەك» ــ دەپ چۇقان كۆتەرگەن. دارتۇۋدەئوينالغان جەڭۋازلىق، قىلىچۋازلىق، تاش چېقىش، ئاتەشۋازلىقلارنى كۆرۈپ ئويۇن مەيدانىنى قورشاپ، ئويۇن قويۇشقا توسالغۇلۇق قىلغان.

مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسىشۇزاماندىكى دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ«ساز ـ مۇزىكا چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش ــ جىن ـ شايتۇن، دەججالنىڭ ئىشى، بۇنى يوقىتىش كېرەك» دېگەن. «تۆھمەت» پەتىۋالىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلار ئىچىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان داپ، راۋاپ، تەمبۇر، ساتا ۋەغىجەكلەر بىلەن چېلىنىدىغان ساز، ئوقۇلىدىغان ناخشىلار قامال ئىچىدەقالغان.

دەل مۇشۇنداق نۇقتىلىق پەيتتە پۇرسەتتىن پايدىلانغان سۇفىزىم تەرغىباتچىلىرى تەركى دۇنيالىقنى تەرغىبات قىلىپ، ئاشىقلىق يولىنى جارى قىلدۇرغان. نەتىجىدە ئۈرۈمچى خەلقى ئىچىدە دۇتتار، تەمبۇر، ساتالار بىلەن غۇجاپىز، شىرازھۆۋەيدا، سوپى ئاللايارنىڭ ناخشىلىرىنى ۋە 12 مۇقامغا سىلىنغان مۇقىمىنىزامى، گەنجىۋى، ناۋايى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ دۇئا ـ تەكبىر قىلىدىغان ئىشلار ئەۋج ئالغان.جارى ـ سۇلوك (سوپى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لارنىڭ ئاشكارا ھۆ سالىدىغان بىر تۈرى) چىلار بولسا، دىنىي ئاھاڭغا سېلىنغان دىنىي شېئىرلارنى ئوقۇپ ساما رەخشى قىلغان. تەركى دۇنيا تەرغىباتچىلىرى ئىش-ئوقەت، ماكانلىرىنى تاشلاپ، مازارلارغا چىقىپ گۈلخان يېقىپ، دوست تارتىپ ساپايى بىلەن تەلقە مەشرەپ (مەشرەپ شېئىرى) ئوقۇپ كۈن ئۆتكۈزگەن.

ئاشۇ يىللاردا، ئۈرۈمچى خۇاڭچېڭ (ھازىرقى باخۇلياڭ ساقچىدىن رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى مازارغا بارغىچە مۇسۇلمان زەرەتكارلىقى ئىدى)دىكى زەرەتكارلىقتا مازار شەيخى شاچىمەندىن باشقا، موللا شەيخ باشچىلىقىدا 40 نەپەر چىلتەنلىرىم دېگەن تەركى دۇنياچىلار (ئاشىقلار) بار بولۇپ، بۇلار ئىككى قولىغا تۇتقان 80 ساپايى بىلەن نەغمە قىلىپ ساما سېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا بولغان ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە ئاللاغا سېغىنىشىنى ئىپادىلىگەن. ئۈرۈمچىنى قاپلىغان فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈم ئۇيغۇر سەنئىتىنى ئەنە شۇ دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويغان.

1856 - يىلى مانجۇلار قەشقەردە چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، زور بىر تۈركۈم ئەسكەر ئالغان. ئېلىنغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەر مانجۇ ئاق سۆڭەكلىرى، ئەمەلدارلىرى ۋە چىرىك خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ قارا خىزمەتچىسى، ھەربىيدە ئات باققۇچى ۋە ئارقا سەپ تەمىناتىدا ئەمگەك قىلغۇچىلار قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەسكەرلىككە

تۇتۇلۇپ شىمالغا يەنى ئۇرۇمچىگە كەلگەن ئۇيغۇر ئەسكەر- لەر ۋاقىت تاپسىلا راۋاپ، دۇتتار، داپ، غىجەكلىرىنى سازلاپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئىچ پۇشۇغىنى چى- قىرىپ سەنئەت خۇمارىنى چىقارغان.

شۇ چاغدىكى ھەربىيلەر ئىچىدە ئىچكى ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن خۇچىڭ (غىجەك) بىلەن سازچىلىپ يەرلىك ناخشىلار ۋە خەنزۇ كىلاسسىك ناخشىلىرى، تىياتىر ناخشى- لىرىنى ئېيتاتتى. بىر قانچە يىل خەنزۇ ئەسكەرلەر بى- لەن بىرگە يۈرۈپ خەنزۇ ناخشىلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ كۆنۈپ قالغان باقى ئاخۇن راۋابى، ئابدۇللا سۇنىيى (ئابدۇگۇل- نىڭ سۇناي ئۇستىسى)، مەھەممەت دولان غىجىكى خەنزۇ تىياتىرلىرىنىڭ تۇرلۇك ئاھاڭلىرىنى ئۆگىنى- ۋېلىپ، بارغانسېرى ناھايىتى يېقىملىق چالىدىغان بولىدۇ. شۇندىن كېيىن يېڭى يىل، چاغان، پانۇس ئويۇنى، بۇتخا- نا سەيلىسى، تاۋۇز چاغىنى قاتارلىق خاتىرە كۈنلەردە يۇ- قىرقىلارنىڭ راۋاپ، غىجەك، سۇنايلىرىغا ئىبراھىم باقىش- نىڭ دېپى تەڭكەش قىلىنىپ سەيلىلەرگە جان كىرگۈزىدۇ. بارا - بارا دۇمباق ۋە جاڭ ئۇرۇش ئازىيىپ، ئۇيغۇر ساز- لىرى بىلەن نوياڭگېر ئويناش ئادەت قىلىنىدۇ. پىشقەدەم- لەرنىڭ تەرىپىگە قارىغاندا، مانجۇ ۋە خەنزۇ ئەمەلدارلار ۋە باي سودىگەرلەر ساز چالغان ئۇيغۇرلارنى «بۇلار ئىچ- كىرىنىڭ قايسى ئۆلكىسىدىن كەلگەن» دەپ سورىغان ئەھ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاللارمۇ بولغان. شىنخەي ئىنقىلاۋىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇرۇمچىدىكى ھەربىيلەر ئىچىدە 40 تىن ئارتۇق كانايچى (خۇلوك)لار بولغان.

1870 ـ يىلى ياقۇپبەگ بەدۆلەت ئۇرۇمچىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ئۇيغۇرلار ئەسكەرلىكتىن ئازاد قىلىنغان. شۇ چاغدا بوشانغان ئەسكەرلەر ئىچىدىن چىققان سازەندىلەردىن باقى ئاخۇن، مەھەممەت دولان، ئابلا سۇناي ۋە ئىبراھىم باقىشلار بىر سەنئەت كۇرۇپپىسى تەشكىللەپ سەييارە ئويۇن قويۇپ يۈرگەن. ئۇلار ئۇيغۇرلار يىغىلسا ئۇيغۇر مۇزىكا ناخشىلىرىنى ئورۇنلىسا، خەنزۇلار بار جايدا چىڭچاڭ، جىڭجۈي قاتارلىق چاڭچىلە ناخشا سازلىرىنى ئويناپ ئۇلارنىڭ سەنئەتكە بولغان خۇمارىنى قاندۇرغان. بۇنداق ئەھۋاللار يالغۇز ئۇرۇمچىدە بولۇپلا قالماستىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان.

قەشقەرلىق ئەيسا موللا (غىجەك چالىدىغان)، روزى ئاخۇن (راۋاپ چالىدىغان) ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ ئەسكەر ئىچىدە خەنزۇ تىياتىر ئاھاڭلىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىۋالغان. بولۇپمۇ ئەيسا موللا خۇنەنلىك ھەربىيلەر بىلەن بىرگە تۇرۇپ خۇنەن مۇزىكىلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى ئەيسا خۇنەن دەپ ئاتىغان. كېيىنكى مەزگىلدە ئۇنىڭ ئوغلى توختى ئۇرۇمچىدە خۇنەنلىك ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرگەن،

ئىشسىز بولۇپ قالغاندا خۇنەنىنىڭ خۇاگۇ چاڭچىلىسىنى (ناخشىسىنى) ئوقۇپ، ھەر خىل ھايۋانات ۋە سەلبى ئادەملەرنى دوراپ ئويۇن كۆرسىتىش بىلەن ئاممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، جاھاندارچىلىق قىلغان. ئۇنىمۇ ئۇيغۇرلار توختى خۇنەن دەپ ئاتاشقان. كېيىن ئۇ، خۇنەنلىك بىر ئويۇنچى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ شۇ جەرياندا بىر قانچە يەرلىك شۇۋىسلارنى ئۆگىنىۋالغان. كىشىلەر ئۇنى، «خەنزۇلارنىڭ 32 خىل زۇۋانىنى بىلىدۇ» دەپ تەرىپلەشكەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ، گەنسۇ، چىڭخەي، شەنشىنىڭ ھەر قايسى جايلىرى، خۇنەن، سچۈەن، تيەنجىن، بېيجىڭغىچە بارغان. خېجۇ ۋە تيەنجىننىڭ ياڭ ليۇچىڭ شۇۋىسىنى ئۆگىنىۋالغان. توختى (خۇنەن) ئىچكى ئۆلكىلەردە بولغان مەزگىلدە جايلارنىڭ يەرلىك سەنئىتى ۋە باشقا سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىنى پۇختا ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئويۇن نومۇرلىرى كۆپىيىپ ئويۇن قويۇش تالانتىمۇ ئۆسكەن.

شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، توختى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ شىنجاڭدا بىر ئۇمۇر ئويۇن قويۇش بىلەن ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئاساسىي ھاياتى ۋە سەنئەت پائالىيىتى ئۇرۇمچىدە بولۇپ ئاخىرقى ئۆمرى ئۇرۇمچىدە ئاخىرلاشقان.

ياڭ زىڭشىن تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي (1914 - يىلى ئەتراپىدا)، قەشقەردە راۋاپ بىلەن خەنزۇ تىياتىر سازلىرىنى ئورۇنلايدىغان بىر سازەندىنىڭ بارلىقىنى ئاڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لايدۇ ـ دە، ئۇيغۇرلارنىڭ زېھنى كۈچى ۋە تالانتىنى باھا ـ لىماق بولۇپ، قەشقەرلىق روزى ئاخۇن راۋاپچىنى ئۈرۈم ـ چىگە چاقىرتىدۇ. روزى ئاخۇن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كې ـ يىن ھەربىيدە يۈرۈپ ئۆگەنگەن ۋەكېيىن تولۇقلىغان خەن ـ زۇ كىلاسسىك تىياتىر سازلىرىدىن 60تىن ئارتۇق مۇزىكى ـ نى راۋاپ بىلەن ئورۇنلايدۇ ۋە كۆپلىگەن خەنزۇ كىلاسسىك ناخشىلىرىنى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ تالانتىغا ھەيران قالغان ياڭ زىڭشىن روزى ئاخۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ھەقىقەتەن خەنزۇ سازلىرىغا باشى ئىكەنسىز» دەيدۇ، شۇندىن باشلاپ روزەك باشى دەپ ئاتىلىدۇ.

روزەك باشى 6 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا ياڭ زىڭشىننىڭ ئوردىسى ۋە ھەر قايسى ھەربىي گازارمى ـ لارغا بېرىپ ئويۇن كۆرسىتىدۇ ھەمدە راۋاپ بىلەن پۈتۈن 12 مۇقامنى ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلارغا چېلىپ بېرىپ ئۇي ـ غۇر سەنئىتىنى نامايەن قىلىدۇ (ياڭ زىڭشىن ئوردىسىنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» دە روزەك باشىنىڭ چالغان راۋاپى ھەققىدە يېزىلغان). روزەك باشىنىڭ ئۈرۈمچىدە بولغان مەزگىلى روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيتقا توغرا كەلگەنلىك ـ تىن، 30 كۈن رامزان ۋە ئىككى ھېيتقا ناغرا ـ سۇناي بى ـ لەن 12 مۇقامنى چالغان. ناغرا ـ سۇناي ۋە ساماغا ئامراق ئۇيغۇر خەلقى 30 كۈن رامزان ۋە ھېيت كۈنلىرىنى ناغرا چېلىنغان مەيدانغا توپلىنىشىپ سەما سېلىپ قىزغىن تەبرىك ـ لەشكەن. پىشقەدەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا،

ئۈرۈمچى تارىخىدا شۇيىلدىكىدەك خوشاللىق ھېيت بولمىغان.

قەشقەر خەلقىگە مەشھۇر بولغان سېھرىگەر، ھەييار سېھرىكچى شانىيازنىڭ ئوغلى ساۋۇت، دادىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، دادىسىدىن ئىگەللىۋالغان بىر قانچە ئون نومۇر سېھرىكلىرىنى ئويناپ، ئاتا ئىزىنى بېسىپ قەشقەردە ھايات كەچۈرىدۇ. شۇ يىللاردا شاڭخەيدىن كەلگەن بىر سېھرىكچى قەشقەردە ئويۇن كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ماھارىتى ئويۇن كۆرگۈچىلەر جۈملىدىن ساۋۇتنىمۇ قايىل قىلىدۇ. ساۋۇت ھىلىقى سېھرىكچى بىلەن ئورتاقلىشىپ شاگىرت تەرىقىسىدە يۈرۈپ ئۇنىڭدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىدۇ، ئۆگەنگەندىمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ماھارىتىنى پۇختا ئۆگىنىۋالىدۇ، ئۇستازىمۇ ئۇنىڭ ماھارىتىگە قايىل بولىدۇ.

ساۋۇت سېھرىكچىلىكتە كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر مەزگىل ئويۇن قويۇپ، كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ سېھرىكچىلىك كەسپىگە ماھىر، ئۆزى راستچىل، سېھرىك ئويۇنلىرى ئەدەپ- ئەخلاقلىق، تەربىيە رولى كۈچلۈك، قايىل قىلارلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممە ئادەم ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ. ساۋۇت ئوينىغان ھەر بىر نومۇرىدا خەلق تەمسىل - ماقاللىرى ۋە لەتىپىلىرىنى ۋەقەلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئورۇنلايدۇ. ئۇ ئورۇنلىغان 100 دىن ئارتۇق ھەر خىل سېھرىك نومۇرلىرى بىر - بىرىدىن قىزىقارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئويۇنىنى خەلق ئىزلىنىپ كۆرىدۇ. ساۋۇت ئۈرۈمچىدىكى 20 نەچچە يىللىق ھاياتىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇرۇمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسلىق مەنبەتكا-
رى بولۇپ قالىدۇ. ساۋۇت ئۆزى يوقسۇل ئادەم بولسىمۇ،
جەمئىيەتتىكى يوقسۇللارنىڭ غەمخورى بولغان. ھەر قېتىم
ئۇيون قويۇپ تاپقان پۇلىغا ئەتراپتىكى غېرىپ، يېتىم،
ئاغرىق، ئاجىزلارغا تاماق ئېلىپ بەرگەن. كېيىنكى يىللار-
دا قىرىلىق يېتىشى ۋە ۋەزىيەتنىڭ يول قويماسلىقى تۈپەيى-
لىدىن جان بېقىشقا ئامالسىز قېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ
كەتكەن.

ھازىر سىرىك ئويۇنى كۆرگەن ھەر مىللەت پېشقە-
دەملىرى ساۋۇتنىڭ ئەينى زاماندا كۆرسەتكەن سىرىك ئو-
يۇنى ۋە ماھارىتىنى زور ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

ئەينى يىللاردا ئۈرۈمچىدىكى «نېگىشاۋەن» بۇتخا-
نىسىدا دائىم جېگىجۇي تىياتىرى قويۇلاتتى. كىشىلەر ئو-
يۇن كۆرۈشكە بېرىشتىن بۇرۇن، جېگىجۇي چامباشچىسى،
ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئارتىسى داۋۇتنىڭ قايسى رولنى ئالىدى-
غانلىقىنى سۈرۈشتە قىلاتتى ـ دە، ئۇنىڭ تاللانتى ھەققىدە
پاراڭ باشلىنىپ كېتەتتى.

تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغان تالانتلىق
ئۇيغۇر ئارتىسى داۋۇت ئەسلىدە تۇرپانلىق بولۇپ، كىچىك
ۋاقتىدىلا ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئىشلەمچىلىك بىلەن كۈن ئۆت-
كۈزگەن. ئۇ زاماندا ئۈرۈمچىدە «گۇاڭمىڭ» قاتارلىق بىر
نەچچىلا خەنزۇ تىياتىرخانىلىرى بولۇپ، رەسمىيلەشكەن ئۇي-
غۇر تىياتىرخانىلىرى ياكى كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى يوق

ئىدى. داۋۇت ئۆز ۇمچىنىڭ ئاشۇ ئاساسى تەلەپ كۆنلىرىنى كۆندۈزى ئىشلەمچىلىك قىلسا، كەچتە يەنىزۇ تىياتىرلىرىدا ئۆتكۈزەتتى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇ، خەنزۇ تىياتىرلىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. زور ئىشتىياق بىلەن داۋاملىق كۆرۈش جەريانىدا جىڭجۈي چامباشچىلىرىنىڭ ھەركەتلىرى ۋە بەزى ناخشىلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. «گۋاڭمىڭ» تىياتىرخانىسىنىڭ باشلىقى خې جىنشا، داۋۇتنىڭ تەبىئى تالانتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى ھەۋەسكار بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. داۋۇت، «گۋاڭمىڭ» تىياتىردا ھەۋەسكار بولۇپ يۈرۈپ، جۇڭگو كىلاسسىك تىياتىرلىرىنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي رول ئالىدۇ. داۋۇت بىر قېتىم «گوچىڭخۇي» ناملىق تىياتىردا چامباشلىق ماھارىتىنى نامايەن قىلىپ ئالقىشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تىياتىرغا بولغان ھەۋىسى تېخىمۇ ئاشىدۇ. نەتىجىدە «ئاق سۇ ساھىلى» دېگەن كىلاسسىك تىياتىردا قەھرىمان چېڭ مېيەنخۇنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقىدۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن داۋۇت «گۋاڭمىڭ» تىياتىرىنىڭ ئاساسلىق ئارتىسى بولۇپ قالىدۇ.

داۋۇت «لوياڭنى ئېلىش»، «سىرىق تۈرنا بىناسى»، «8 ئەۋلىيا بۇتخانىسى»، «زەنجىرسىمان سەپ» قاتارلىق بىر قانچە ئون تىياتىردا ئاساسلىق رولنى ئېلىشتىن تاشقىرى، «قاتىللىق يۈز بەرگەن بىنا» دېگەن تىياتىردا مالاي قىزنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىدۇ. بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ

كونا جۇڭگودىكى بىر ياش ئاياللىڭ يەلپىگۈچ تۇتۇپ مۇرە ئويىنىتىپ لەرزان ئويىنىغان ئۇسۇلىنى ئورۇنلىشى تەسادىپى تالانت ئىدى. ئۇنىڭ تالانتى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان ۋە قايىل قىلغان. داۋۇت 18 يېشىدىن تارتىپ 40 نەچچە يىل خەنزۇ تىياتىرىدا رول ئېلىپ چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇش بىلەن بىرگە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن.

شىنجاڭ گومىنداڭ قولىغا قالغاندىن كېيىن، «گۇاڭمىڭ» تىياتىر تاقالدى. داۋۇت تىياتىرخانىسىدىكى باشقا كەسپداشلىرى بىلەن بىرگە ئالتاي. ئىلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئويۇن قويىدى. ئازادلىقتىن كېيىن قۇتۇبىدىكى خەنزۇ تىياتىرىدا ئىشلەپ،1963 - يىلى پېنسىيىگە چىقتى.

ئۇرۇمچىدىكى «تيانشان»، «يۇەنشىن» قاتارلىق چىڭچياڭ تىياتىرخانىلىرىدا چىڭچياڭ (ئەرخاڭ)ناخشىلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئۇيغۇر ئارتىسى جاپپار ئەسلىدە قاسساپ ئىدى. ئۇ كۈندۈزى قاسساپلىق قىلىپ كەچتە سەھنىدە ئويۇن ئوينايتتى. ئۇ گۆش ساتقاندا پىچاق بىلەن بۆلەي ۋە چېكىش پەللىسىنى ساز قىلىپ، خەنزۇلارنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىلىرىغا كەلتۈرۈپ ناخشىلىرىنى ئوقۇش بىلەن خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئۇ، شىنجاڭ ناخشىلىرىنىمۇ ناھايىتى ياخشى ئېيتاتتى. ئۇ ناخشىچىلا بولۇپ قالماستىن بەلكى باش روللارنى ئېلىپ چىقىدىغان تىياتىر ئارتىسى ئىدى. «سۇسىتىش»، «خۇمدان»،

«سارايغا كىرىش»، «خۇاشەننى سېتىش»، «ئايالنى ئازات قىلىش» قاتارلىق تىياتىرلاردا ئاساسىي روللارنى ئالىدۇ. «قىبرى بىلەن ياشىنىڭ خوتۇن ئالماشتۇرۇشى» دېگەن تىياتىردا قىبرى خوتۇنىنىڭ رولىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقىدۇ.

جاپپار ناخشىچى ۋە ئارتىس بولۇپلا قالماستىن، ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇ ئىجات قىلغان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئارىلاشتۇرۇپ تۈزۈلگەن قاپىيىلىك ناخشىلار ئەينى ۋاقىتتا ياشلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ناخشىلار ئىدى.

كېيىنكى يىللاردا جاپپار كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ھازىر تەربىيىچىلىك قىلىۋاتقان نۇرغۇن خەنزۇ پېشقەدەم ئارتىسلار، بىز جاپپارنىڭ شاگىرتى دېيىشىدۇ.

شىنخەي ئىنقىلاۋى ۋە سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر سەنئىتىدە زور يۈكسىلىش بولۇپ، پەن-مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىدىغان، زۇلۇم ۋە خۇراپاتلىققا قارشى خەلقنى ئويغىتىدىغان سەنئەت بولۇپ شەكىللەندى.

1922 - يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا داۋازلىق ۋە خەلق سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋەتەنگە قايتقان داڭدار داۋاز ھاشىم ھاجىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ كونا ئايرودرومغا دار باغلاپ ئويۇن كۆر-

سىتتىدۇ. ئۇ، دارغا چىقىش ئالدىدا ھەر خىل ساز بىلەن بىر قانچە ناخشا، ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چاغدا ياڭزىڭشىننىڭ خۇراپىي ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ئۆكتە قىلىپ دارنى يىقىتىپ تاشلاشنى قارار قىلىشقاندا، ئۇرۇمچىدىكى تەرەققىپەرۋەر زات روزى ھاجىم (يىجاڭ): «دارغا چىقىش ھېچقانداق گۇنا ئەمەس، دار ئوينالسۇن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن دار ئويۇنى باشلىنىدۇ.

ياڭزىڭشىن تۇنجى قېتىم ئوينالغان دارنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «بىر تال ئاغامچىدا شۇنچە ئېگىزگە چىقىش مۇمكىن ئەمەس» — دەپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەتىسى ھاشىم ھاجىم ئېگىز دار ئۈستىدە ماھارەت كۆرسەتكەندىن كېيىن، ياڭزىڭشىن ناھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا ھاشىم ھاجىم داۋازغا: «ناھايىتى قابىل ئادەم ئىكەنسىز، ھاياتىڭىزنى ساقلاپ قېلىڭ، مەن سىزگە ھاكىملىق ئەمەل بېرەي، يۇرت سوراپ باي بولۇڭ» دەيدۇ. ھاشىم ھاجىم ھېچبىر ئىككىلەنمەي: «دادام ھەمدۇللا ئاخۇن خەلق سەنئەتچىسى ئىدى، مەنمۇ دادامنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇشۇم لازىم. ئويۇن قويسام چەكلىمىگە ئۇچرىمىسا ئىكەن...» دەيدۇ. ياڭزىڭشىن دەرھال يارلىق چۈشۈرۈپ، ھاشىم ھاجىم داۋازنىڭ ئويۇن كۆرسىتىشىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى ھەققىدە گۇۋانامە بېرىدۇ. شۇندىن باشلاپ ھاشىم ھاجىم ئۈرۈمچىنىڭ ئويۇ-

غۇر سەنئىتىنى يۇكسەلدۇرۇش جەھەتتە كۆپ كۈچ چىقاردى.
ئالايلۇق: ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرغىز، قازاق، ئۆز-
بېك، ئەزەربەيجان قاتارلىق رېسپوبلىكىلىرىدىكى ھەر مىل-
لەت خەلقىنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقىنىڭ
ناخشا، سازلىرىنى تارقىتىپ يېڭى زاماننى كۈيلەيدىغان
كومېدىيە، سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوينايدۇ. ئۇ، بۇ خىل ئە-
سەرلەرنى ئويىنىغاندا سەھنە ئىشلەتمەيدۇ. كۆپ ئارتىسمۇ
ئىشلەتمەيدۇ. پەقەت ھېكايە سۆزلىگەن ئۇسۇلنى قوللىنىپ
سۆز ۋە قول ھەركىتى بىلەن ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بە-
زىدە ئەسەرگە يېڭى ۋەقەلەرنى قوشۇپ سۆزلەش ئارقىلىق
ئەسەرنى بېيىتىدۇ. ئۇ ئۆز ئويۇنلىرى ئارقىلىق ئەمگەكچى
خەلققە كۆز ئالدىدىكى زۇلۇم - سىتەم، خۇراپاتلىق، خى-
يانەتچىلىك، ئائىلە ئاياللىرىنىڭ زۇلۇم ئاسارەتلىرى، ئۇ-
لارنىڭ يورۇقلۇققا چىقىش جەريانىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر-
نى ناھايىتى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ. ھەر بىر ۋەقەلىك با-
يان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ناخشا - ئۇسۇل، چەۋەن-
دازلىق، قىلىچۋازلىق نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ تاماشىبىن-
لارنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورۇمچىدىكى سەنئەت
پائالىيىتى خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. شىن-
جاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوقۇلغان ناخشىلار بولۇپ-
مۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇل-
غان ئۇيغۇر ناخشىلىرى ئورۇمچىگە كەڭ تارقىلىدۇ. ئورۇم-
چىدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

لەتلەرنىڭ مىللىي سەنئىتى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىـ
بىسىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا بارلىققا كەلگەن سەنـ
ئەت ئىزىنى بېسىپ ماڭىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھاشىم ھاجىم
ھېكايە تەرىقىسىدە سۆزلەپ سەھنىلەشتۈرگەن «زالىم پادىشا
يوقىتىلدى»، «ئازاد قىلىنغان قىز»، «خەلق ئاچقان يېـ
ڭى يەر» قاتارلىق بىر قانچە نومۇرلار ئىلغار پىكىردىكى
كىشىلەرگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. شۇندىن باشـ
لاپ ئورۇمچىدىكى ياشلار ۋە بىر قىسىم ئىشچى ـ دېھقانلار
ئارىسىدا مەشرەپلەردە ھېكايە، چۆچەك ئېيتىش ئا. قىلىق
زالىملارنى پاش قىلىدىغان، ئەركىنلىك، ئازادلىققا ئىنـ
تىلىدىغان يېڭى بىر ئېقىم پەيدا بولىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن قەـ
ھەتچىلىك تۈپەيلىدىن بىر بۆلۈم كىشىلەر شىنجاڭغا كېلىشـ
كە باشلايدۇ. بۇلار ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن سوۋېت
ئىتتىپاقىدا مەيدانغا كەلگەن پەن ـ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ
سەنئەت يېڭىلىقلىرىنى كۆرگەن، بەزىلىرى شۇنىڭ ئەھلى
بولغانلار بولۇپ، شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن تەسىر كۆرـ
سىتىدۇ. بۇ تەسىردىن ئورۇمچىمۇ خالىي بولالمايدۇ. جۈمـ
لىدىن، ئورۇمچىدە «گۈلىيارىخان»، «ئەل ئامان»، «ئەرزىم
دادەي»، «يارۇ»، «گۈلەمخان»، «ئاللا يارىم»، «لەيلىگۈل»،
«قادىر مەۋلان»، «ئايگۈلۈم»، «ئاچىل» قاتارلىق ئۇيغۇر
ناخشىلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇلغان «رومالىم»،
«سۇ بويىدا تۇرغان يىگىت»، «ئۆستەڭ بويىدا بىر گۈل»،

«پىغان»، «نالەش» قاتارلىق ناخشىلار كەڭ تارقىلىشقا باشلايدۇ.

1931 ـ يىلى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، ئىلغار ئىدىيىدىكى كىشىلەرنىڭ خەلقنى ئويغىتىش يولىدا ھەركەت قىلىشىغا ئۇكۇشلۇق شەرت ـ شارائىت ھازىرلىنىدۇ.

1932 ـ يىلغا كەلگەندە ئىلغار پىكىرلىك مەرھۇم مۆمىن ئەپەندى سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆرگەن ـ بىلگەن تەجرىبىلىرى بويىچە خەلق سەنئەتچىلىرىدىن (خەلق ئىچىدىكى ئەل نەغمىچىلەردىن) نورۇل ئاكا، زايىت ئاكا، باتۇر، توختى خۇماكۆز، توختى چەنپىر، تۇرسۇن بالا، مەھەممەت بالا، يارمۇھەممەت، ئابدۇكۇل، ئىمىن چۆچەك، يۈسۈپ مۇجاڭ، غوپۇر، مافۇ (خۇيزۇ)، ئابدۇگايىت، توختى چىدىڭ، بوپە (قازاق)، خارەزىم (ئۆزبېك)، خەمىت ئەۋزى (تاتار) قاتارلىق كىشىلەرنى يىغىپ، ئۈرۈمچىدە تۇنجى سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرىدۇ.

مۆمىن ئەپەندى ئالدى بىلەن خۇراپاتلىق، روھانىيلىققا قارشى ئوت ئاچىدۇ. مۆمىن ئەپەندى ئەسلىدە تۇرپانلىق ھاۋۇل پېرىخون دېگەن ئادەمنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ، ئۆزى چوڭ بولغان بۇ ئائىلىدە كۆرگەنلىرى ـــ يەنى دادىسىنىڭ پېر ئويناش ۋاقتىدا قىلىدىغان يالغانچىلىق، كاززاپلىق، ئالدامچىلىقلىرىنى پاش قىلىپ، «پېرىخون» دېگەن دىرامىنى يېزىپ چىقىدۇ. دىرامىدا خۇراپاتلىققا قارشى تۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل تارىمى

رۇش بىلەن پەنگە ئىشىنىش تەشەببۇس قىلىنغان بولۇپ، كونا جەمئىيەت ۋە خۇراپاتلىقنى راسا قامچىلايدۇ.

ئويۇن تەييارلىغاندا رەپىتىس قىلىشنى ئۆز ئىچىدە ئېلىپ بارىدۇ. كىيىم - كېچەكلەرنى كىشىلەردىن ئارىيەتكە ئالىدۇ. ھازىرقى ئازادلىق يولى مەدىنىي بۇيۇملار ماگىزىنى ئورنىدىكى تەيفىئېيلىك سارىيىنى ئويۇن قويۇش ئورنى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئۇ «پىرىخون» دىراممىسىدىن باشقا «شاخ-شاخ چىنار»، «يارىم - يارىم دوست»، «ھوۋۋالە»، قۇمۇل، قەشقەر، كۇچار سەنئەملىرى قاتارلىق لەپـەر، مۇزىكىلارنى ئورۇنلايدۇ. سەھنىگە قارا چىراق (دىلىخۇلۇ) يېقىلغان بولۇپ، ئورۇندۇقنى تاماشىبىنلار ئۆزلىرى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداق ئېغىر شارائىتتا بىر قانچە كۈن ئويۇن قويغاندىن كېيىن، خۇراپاتلىقنىڭ تەرغىباتچىلىرىدىن ئاتىخان كاسكا، نىياز دودەن، ئابلا شاگېۇ، ھاجى كوماك قاتارلىقلار ئويۇن مەيدانىغا بىر قىسىم لۈكچەكلەرنى باشلاپ كېلىپ مۆمىن ئەپەندىنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئارتىستلارنى تارقىتىدۇ ۋە تەھدىت سالىدۇ. مۇشۇ سەۋەپ بىلەن بىر ئايغىچە ئويۇن قويۇلمايدۇ. بۇ مەزگىلدە مۆمىن ئەپەندى بىر تەرەپتىن جاراھىتىنى داۋالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئۆز مۇھىت» ناملىق دىراممىنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. ئويۇن قويۇش ئورنىنى نەنمىندىن خۇگىسەنگە يۆتكەپ، چوڭ كۆۋرۈك بېشىدىكى بىر دەگدە ئويۇن قويىدۇ. بۇ يەردە تاماشىبىنلار كۆپ بولۇپ، ئويۇن قويۇش قېتىم سانىمۇ كۆپىيىدۇ.

جۇنىڭ ئارقىسىدىنلا «ئەخمەت ساررراپ» دېگەن دىرامىنى يېزىپ ئۇنى قويىدۇ. بۇ دىرامىدا زەگەرلەرنىڭ جالىقى، ئالدامچىلارنىڭ ئەپتى بەشىرىسى ئېچىپتاشلانغان بولۇپ، خەلق ئاممىسىغا بەكمۇ ياقىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئويۇن قويۇش رەسمىلىشىدۇ. بۇ كۈنلەردە ئاياللاردىن نىساخان، ھەنىپە، ئانارخان قاتارلىق ئۇسسۇلچىلار، فەرىدە قاتارلىق ناخشىچىلارمۇ قاتنىشىدۇ. مەزكۇر ئويۇن قويۇش گۇرۇپپىسى مەخسۇس ناخشا - ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزەلەيدىغان دەرىجىگە كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرخىل لەپەر، ناخشا، كومېدىيە نومۇرلىرى 40 تىن ئېشىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئىلغار ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلىدۇ.

1934 - يىل ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدەھەرمىللەتنىڭمەدىنيئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچىدە «ئۇيغۇر خەلقمەدەنىيئاقارتىش مەركىزي ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، سانايىنەپىسە قۇرۇپ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۆمىن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى سەنئەت گۇرۇپپىسى قاتناشتۇرۇلدى. شۇندىن ئېتىۋارەن، ئۈرۈمچىدە ئوچۇق - ئاشكارا ئويۇن قويىدىغان سانايىنەپىسە بارلىققا كەلدى.

1932 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندەبۇ سانايىنەپىسە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن بىر بۆلۈم زىيالىلار، سازەندە، ئارتىستلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوينالغان ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىل دىراما، لەپەر، مۇزىكىلارغا ئىگە بولدى. ئائىلىۋى، ئاتاقلىق سازەندە ۋە ناخشىچى ئابدۇكېرىم رازىيېۋ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆگەنگەن مۇزىكا ۋە ناخشىلارنى، چوڭ-خۇن ئابدۇراخمانوپ ئوتتۇرا ئاسىيا سىۋىردىلوپ تىياتىرىنىڭ ئارتىستلىرىدىن ئۆگەنگەن ھەر خىل لەپەرلەرنى ئويناش ئارقىلىق ئاممىنىڭ سەنئەتكە بولغان ئىشتىياق ۋە ھەۋەسىنى ئاشۇردى، ئىلغار ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلدى. بۇ چاغدا سانايىنەپەسەچوڭ تىپتىكى ئوپېرالاردىن «تاھىر-زۆھرە»، «پەرھات - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «ئارشىن مال ئالان» قاتارلىقلارنى ئويناپ چىقتى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇسانايىنەپەسە-شۇكرى يالقۇن يازغان «شاخەي كېچىسى» ناملىق دىرامىنى ۋە بىرقانچە ئونلىغان كونسېرت، ناخشا نومۇرلىرىنى ئويناپ ۋە ئىئانە توپلاش تەشۋىقاتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇپ قالدى.

1940 - يىلى، ئۈرۈمچى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ گۈللەن-گەن دەۋرى بولۇپ، سانايىنەپەسە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تاللانغان ئارتىستلار بىلەن تولۇقلاندى. 1943-يىلى تاللانتلىق ئىنقىلاۋىي ئارتىس ۋە دىراماتۇرگ قاسىم-جان قەمبىرى، ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى قەمبەرخانىم ۋە گۈلبەھە-رەملەرنىڭ سانايىنەپەسىدە بولۇشى بىلەن سەنئەت تۈر-لىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزىمغا ۋە

زۇلۇم ـ زالالەتكە قارشى خەلقنىڭ ئويغىنىشىنى تەسۋىرلەيدىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يىللاردا «قانلىق داغ»، «رابىيە-سەئىدى»، «سامساق ئاكام قاتنايدۇ»، «گۈلنىسا»، «جەنۇپتىكى زىندان»، «غۇنچەم»، «زەينەپكە تۆھمەت»، «غېرىپ-سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە» قاتارلىق دىراممىلار ۋە 100 دىن ئارتۇق ھەرخىل لەپەر، ناخشا، كومېدىيە نومۇرلىرى ئوينالدى.

1944 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، ئۈرۈمچى ئۇيغۇر سانائەت جەمئىيىتى گومىنداڭنىڭ ئىشپىيون جاسۇسلىرى بىلەن تولدى. جۈملىدىن تۈرلۈك توسالغۇ چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ ئەركىن ئويۇن قويالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئېچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، شىڭ شىسەي گومىنداڭچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بولغان لوبىندى ئارتىستلارغا رول تەقسىم قىلىدىغان بولدى. قاسىمجان قەمبىرىدەك ئىنقىلاۋىي سەنئەتكارلار چەتكە قېقىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ پارتلىشى بىلەن تەڭ ئۈرۈمچى ئۇيغۇر سەنئىتى چوڭقۇر كرىزىسقا ئۇچرىدى. ئارتىسلارغا سىياسى چەكلىمە قويۇلۇپ، نومۇرلار تەكشۈرۈلۈپ تەستىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن قويۇلىدىغان بولدى، بارا ـ بارا گومىنداڭنى سەنمىنجۇيىنى مەدھىيىلەيدىغان نومۇرلار سەھنىگە چىقتى.

1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالىنىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ۋە سانايىنەپسە ئۈچ ۋىلايەت خەلق ئىنقىلاۋىنى ھىمايە قىلىدىغان تەرەپكە ئۆتتى. شۇندىن باشلاپ ئۈرۈمچى ئۇيغۇر سەنئىتى جۇش ئۇرۇپ تەرەققى قىلدى. بۇ مەزگىلدە سۆيۈملۈك ئەخمەتجان قاسىمى داۋاملىق دېگۈدەك سەنئەتچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ، غەمخورلۇق قىلىپ تۇردى. ئۈرۈمچى ئۇيغۇر سەنئىتى ئەنە شۇنداق گۈللىنىۋاتقان مەزگىلدە، 1947 - يىلى 5 - ئايغا كەلگەندە ئەيسائالىپ تېكىن قاتارلىق كىشىلەر سەنئەتكە قول تىقىپ پۈتۈن سەنئەتنىڭ سىياسى ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئاتالمىش «شىنجاڭ ياشلار-ناخشا ئۇسسۇل ھالسوراش ئۆمىكى» دېگەن بىرنىمىنى تەشكىللەپ، نەنجىڭ، شاڭخەي، خاڭجۇ، تەيۋەن قاتارلىق جايلارغا ئېكىسكۇرسىيە ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ھالسوراشقا ئېلىپ بېرىپ، نەنجىڭدىكى دۆلەت مۇداپىئە زالىدا جياڭ جيېشىغا ئويۇن قويۇپ خوشامەتچىلىك قىلدى.

1947 - يىلىنىڭ 3 - پەسلىدە، ئەيسائالىپ تېكىن باشچىلىقىدىكى گۇرۇھ، جياڭ جيېشى شىنجاڭدا سەنمىنجۇيىلىق (3 مەسلەك) ياشلار ئۆمىكى «سەنچىڭتۇەن» نى قۇرۇش ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى ئىشلىتىپ ئۈرۈمچى ئۇيغۇر سانايىنەپسەنى دۆلەتئىشتاتىغا كىرگۈزدى.

ئۈرۈمچى ئۇيغۇر سەنئىتى ئۇزۇن يىللىق جاپالىق مۇساپىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاخىرى پۈتۈن مەملىكەت ئازادلىقى بىلەن تەڭ شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئارزۇ - ئارمانىغا يېتىپ، رەسمى خەلق سەنئىتىگە ئايلاندى.

(ئەسلى نۇسخىسى 1952 - يىل يېزىلغان. 1985 - يىلى قايتا كۆرۈلدى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «بىرلا توپقا تۇتۇپ غەلىبە قىلىش» قورغىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى

زەن يۈيلىن

ئۈرۈمچى شەھەر رايونى بىلەن ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئارىلىقىدىكى ئاسفالت يول لىيوداۋاندىن ھالقىپ ئۆتىدۇ. ئۇ، گەرچە ئازادلىقتىن كېيىن ياسالغان يېڭى يول بولسىمۇ، بىراق شەرق بىلەن غەرپنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان غەربىي يولدىكى قەدىمىي لىنىيە بولۇپ، شەرقىي يول ئۈرۈمچىگە كىرىش - چىقىشتىكى كارىدور بولغاچقا، لىيوداۋان تېغىنىڭ ئۈستى ۋە تاغ- باغرىدا خاتىرىلەش يۈزىسىدىن سېلىنغان بىر قانچە قۇرۇلۇشلار بولغان. تاغ تۆۋەنىدىكى يول ئېغىزىدا راۋاق شەكلىدە ياسالغان قەدىمىي قۇرۇلۇش ئەينى ۋاقىتتا «ئەمەلدارلارنى كۈتۈۋېلىش سارىيى» دەپ ئاتىلاتتى، ئېيتىلىشچە ئۇ مەخسۇس چىڭ ئوردىسىدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئەمەلدارلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەن ئىكەن. «ئەمەلدارلارنى كۈتۈۋېلىش سارىيى» نىڭ شىمالىدىكى تاغدا يۇمۇلاق پوتەي شەكلىدىكى بىر قۇرۇلۇش بولۇپ، ئەينى

ۋاقىتتا ئۇ «بىرلا توپقا تۇتۇپ غەلىبە قىلىش» قورغىنى دەپ ئاتالاتتى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاستىنقى قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 12 مېتىر، ئېگىزلىكى 8 يېرىم مېتىر بولۇپ، يېرىم چەمبەر شەكلىدىكى سىرتقى ئىشىكى جەنۇپقا قارىغان، ئىشىك بېشىغا «بىرلا توپقا تۇتۇپ غەلىبە قىلىش» دېگەن سۆز ئويۇلغان تاش ئورنىتىلغان؛ قورغان خىش ھەم ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە چىقىدىغان پەلەمپەيمۇ ئورنىتىلغان. ئۈستۈنكى قەۋىتى ئۈستى ئوچۇق ئايلانما كۆڭگىرلىك سەينا، ساياھەتچىلەر بۇ يەردە تۇرۇپ، تىيانشان تېغىنىڭ مەنزىرىسىگە نەزەر سالالايدۇ ھەم شەھەر رايونىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلالايدۇ.

بۇ قۇرۇلۇش چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ 1876 – يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 2 – يىلى) ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋالغانلىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن سېلىنغان. ئۇ، يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك ھۇجۇملىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھازىر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئەسلى ئورنىنىڭ ئەتراپلىرىغا كۆپلىگەن يېڭى قۇرۇلۇشلار چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ھەرگىزمۇ يوقالمايدۇ.

بۇ ھەقتە گەپنى بىز ئالدى بىلەن ياقۇپبەگدىن باشلايلى. ياقۇپبەگ (تولۇق ئىسمى مۇھەممەت ياقۇپبەگ) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك ئاقسۆڭەكلىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىن بولۇپ، قوقان خاندانلىقىنىڭ (چىڭ سۇلالىسى تارىخىدا «ئەنجان» دەپ ئاتالغان) ھەربىي ئاقساقىلى بولۇۋېلىپ، ئۆزىنى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى» دەۋالغان. چاررۇسىيە 19 - ئەسىردە قوقان خانلىقىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن يەنە، مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى شىنجاڭدىن تامايىنى ئۈزەلمەي، ياقۇپبەگنى ئۆزىنىڭ پېچكىسى قىلىپ تاللايدۇ. 1865 - يىلى ياقۇپبەگ مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرىسىغا ئۆكتەملىك بىلەن قوراللىق ئۇسسۇپ كىرىپ، قانلىق باستۇرۇش يۈرگۈزۈپ، ئىككى يىل ئىچىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، يەكەن، قاغىلىق، قاراشەھەر، تۇرپان قاتارلىق يەتتە شەھەرنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ ھەمدە ئاتالمىش «بەدۆلەت» قورچاق ھاكىمىيىتىنى قۇرىدۇ. چاررۇسىيە ياقۇپبەگكە تېخىمۇ يەل بېرىش ئۈچۈن جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن يوشۇرۇن ھالدا 1872- يىلى ياقۇپبەگ بىلەن ئاتالمىش «رۇسىيە ياقۇپبەگ سودا شەرتنامىسى» نى ئىمزالايدۇ.

«شەرتنامە» دە چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگنى شىنجاڭنىڭ «داھىسى» دەپ ئاشكارا ئېتىراپ قىلىدۇ.

ياقۇپبەگمۇ چاررۇسىيەگە شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە جاسۇسلۇق ھەركىتى ۋە ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىق ئېلىپ بېرىشتەك خىلمۇ - خىل پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازلارنى بېرىدۇ ھەمدە تاشكەنتتىكى گۇماشتىسىغا «بەدۆلەت» نامىدا چاررۇسىيە

پادىشاسى بىلەن كۆرۈشۈپ، «چار رۇسىيە پادىشاسىنىڭ ھىمايىسى»نى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە يولىيورۇق بېرىدۇ. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى شىنجاڭنىڭ يالغۇز چار رۇسىيە تەرىپىدىن يۇتۇپ كېتىلىشىگە تەن بەرمەي، 2200 دانە مىلتىق، 8 دانە زەمبىرەك ۋە 20 مىڭ پايدىن ئارتۇقراق زەمبىرەك ئوقىنى دەسمايە سېلىش بىلەن ياقۇپبەگنى قىزىقتۇرۇپ، 1874 - يىلى ئاتالمىش «ئەنگلىيە - ياقۇپبەگ شەرتنامىسى» نى ئىمزالايدۇ. ياقۇپ بەگ چار رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئىككى خوجايىنىنىڭ قوللىشى ئاستىدا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى رەھىمسىزلەرچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ ۋە قانلىق باستۇرىدۇ. ياقۇپبەگنىڭ ئايىقى تەككەنلىكى جايدا «تالان - تاراج ئەۋج ئېلىپ، ھويلا-ئارام، دەل- دەرەخلەرئۇچۇنمۇ باج ئېلىنىدۇ.» (زېڭ يوييۇي «غەربنى بويسۇندۇرۇش خاتىرىسى»). ئالاۋاڭ - ياساقنىڭ تۇلالىقىدىن «كۈندۈزى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكىنى كەچكە، كەچتە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكىنى ئەتىگە قالدۇرۇشقا بولمايتتى.» (موللا مۇسا سايرامى«تارىخى ھەمىدىيە»). ياقۇپ بەگنىڭ شىنجاڭدىكى «زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش ۋە زىندانغا تاشلاش، مال - مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلىش، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ۋە قىيىن - قىستاققا ئېلىشتەك ۋەھشىيانە قىلمىشلىرى خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىغان ئىدى» (شاخماتوۋ «ياقۇپبەگنىڭ ئەكسيەتچىل ماھىيىتى»). ئۆزىنى «غالىپ ئەزىمەت» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتنۋالغان ياقۇپبەگ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە «پادىشا ئوردىسى»سالدۇرىدۇ. 8 ياشتىن ئاشقان نەچچە يۈز قىز ئوردىغا تۇتۇلۇپ كېلىنىپ، ئۇنىڭغا توقاللىققا تۇتۇپ بېرىلىدۇ. «ئۇ، ئاياق ئاستى قىلغان قىزلارنىڭ 10 نىڭ ئىچىدىن 7 ـ 8ى ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.» (زوزۇڭتاڭ «تۆھپىنى مەلۇم قىلىپ مۇكاپاتلاشنى ئىلتىماس قىلىش مەكتۇبى»). ئۇنىڭغا قۇللۇققا تۇتۇپ كېلىنگەنلەر 3 مىڭدىن ئوشۇقراق، ئۇنىڭ تەرىپىدىن ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن ئاق كۆڭۈل خەلق 40 مىڭدىن ئاشىدۇ. شۇڭلاشقا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلق ئۇنى «ئالۋاستى، ھايۋان، ئاپەت...» دەپ تىللايتتى (ۋەتەن ئوغلى «ياقۇپبەگنىڭ ئەكسىيەتچىل خاندانلىقى ھەققىدە»).

ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 5 يىل زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغاندىن كېيىن، تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارنى بىراقلا ئىگەللەپ، پۈتۈن شىنجاڭنى مەملىكىتىمىز خەرىتىسىدىن ئايرىۋېتىش خام خىيالىدا بولىدۇ. 1870 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان، باج تۆلەشكە قارشىلىق قىلغان ۋە قۇللۇققا سېتىۋېلىنغان 10 مىڭدىن ئارتۇقراق جۇڭگولۇقتىن مەجبۇرى ھالدا «ئۆلۈمدىن قورقماس قوشۇن» تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، تىيانشاندىن ھالقىپ

ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇخەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. خەنزۇلاردىن شۈي شۆگۈك باشچىلىقىدىكى قوراللىق دېھقانلار قوشۇنى ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن تېغىدىن يولغا چىقىپ، ياقۇپبەگنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىنى توسايدۇ، خۇيزۇلاردىن مامىڭ باشچىلىقىدىكى قوراللىق دېھقانلار قوشۇنى گۇمۇدى (ھازىرقى مىچۈەن ناھىيە بازىرى)دىن يولغا چىقىپ، شۈي شۆگۈككە ماسلىشىپ جەڭ قىلىدۇ. «باشقا خۇيزۇلارمۇ شۈي شۆگۈك بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ئەنجانلىقلارغا (يەنى ياقۇپبەگكە) ھۇجۇم قوزغايدۇ (« باندىتلارنى تېنچلاندۇرۇش ئومۇمى تەدبىرى» 265 ـ جىلد). ياقۇپبەگنىڭ «ئۆلۈمدىن قورقماس قوشۇنى»ھەر مىللەت خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ بىرلەشمە زەربىسىدە بەزىلىرى ھەقىقەتكە قايتىدۇ، بەزىلىرى قېچىپ كېتىدۇ. ياقۇپبەگ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۇرپاندىكى 3 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى ئۈرۈمچىگە دەرھال يۆتكەپ، دېھقانلار «قوشۇنى» بىلەن قانلىق جەڭ قىلىدۇ. نەتىجىدە تاجاۋۇزچى قوشۇن ئۈرۈمچىگە ئۈچ قېتىم كىرىپ، ئۈچ قېتىم چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا دۈشمەن كۈچى ئاجىزلاپ، ھەر قايسى يېزا ـ كەنتلەردىن قوغلىنىدۇ، ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىۋالغان چاغدا ۋەھشىلەرچە ئىنتىقام ئالىدۇ. مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان بىگۇناھ ئاممىنى ئۆچىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىق هالدا زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. هايات قالغانلىرىغا 600 سەردىن 1000 سەرگىچە كۆمۈش تاپشۇرۇش سېلىقى سېلىنىدۇ. ياقۇپبەگ خۇيزۇ قوراللىق قوشۇنىنىڭ باشلىقى مامىڭنىڭ ئاكىسىنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خۇيزۇ خەلقىنىڭ ياقۇپبەگكە بولغان غەزەپ - نەپرىتى قايناپ - تاشىدۇ. مامىڭ گۇمۇدىدىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، «ئەسكەرلەرنى زور مىقداردىكى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ، پادىشاغا (ياقۇپبەگكە) ئورتاق هۇجۇم قىلىدۇ». (شىنجاڭنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» 1 - جىلىد).هەرمىللەت دېهقانلار قوشۇنىنىڭ قورشاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا ياقۇپبەگنىڭ كۈنى تەشۋىش ئىچىدە قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەتتە شەهەر خەلقى ئارقىمۇ - ئارقا قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ئۇنى تامامەن يېتىم هالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ياقۇپبەگ مۇشۇنداق قىيىن ئەهۋالغا چۈشۈپ قالغان مەزگىلدە، شەنشى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ رەهبەرلىك هوقۇقىنى تارتىۋالغان بەي يەنخۇ لەنجۇدا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، «ساۋۇتنى سېلىۋېتىپ، كەتمەننى قولغا ئېلىش» پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قالدۇق قوشۇننى باشلاپ شىنجاڭغا كىرىدۇ. 1873 - يىلى ئاۋغۇستتا بەي يەنخۇ تۇرپان ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېلىپ ياقۇپبەگنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ياقۇپبەگ ئۇلارنى دەرهال قوراللاندۇرۇپ، چىڭ ئەسكەرلىرى ۋە يەرلىك دېهقانلار

قوشۇنىنىڭ ئۈرۈمچىگە شەرق تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىشى-دىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي لىنىيە-سىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قويىدۇ، 1876 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي 2 - يىلى) 6 - ئايدا، ليۇ جىنتاڭ باشچىلىقى-دىكى يۈز مىڭ كىشىلىك خۇنەن قوشۇنى ھەيۋەت بىلەن شىنجاڭغا كىرىپ، جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى-نىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گۇ-مۇدىغا يېتىپ كېلىدۇ. ھەر مىللەت دېھقانلار «قوشۇن» لى-رىنىڭ زىچ ماسلىشىشى بىلەن ياقۇپبەگنى ناھايىتى تېزلا تارمار قىلىدۇ. 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بۇ قوشۇن ليۇداۋان تېغىغا چىقىپ، ئۈرۈمچىنى توپقا تۇتىدۇ. ياقۇپ-بەگ بىلەن بەي يەنفۇ ئۈرۈمچىدىن بەدەر قېچىپ داۋان-چىڭغا بارىدۇ. شۇ كۈنى چۈشتە ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى «يېمەك - ئىچمەك، قوي - كاللىرىنى سو-غا قىلىپ» («غەرپنى بويسۇندۇرۇش خاتىرىسى») چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە كىرىشىنى قارشى ئالىدۇ. كې-يىن ليۇداۋان تېغىغا «بىرلا توپقا تۇتۇپ غەلىبە قىلىش» قورغىنىنى ياساپ، ئۇنى چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋالغان غەلىبىنىڭ خاتىرىسى قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ياقۇپبەگكە قايتارما زەربە بەرگەن كۈنلەردە

## لۇ خەنفىڭ

ياقۇپبەگ ئەسلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خاندانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ئىدى. چاررۇسىيە 19 - ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 3 كىچىك پادىشالىق دۆلەتنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا ئۆزىنىڭ ئىبلىس قولىنى سىلىشتا ياقۇپبەگنى پېچكا قىلىپ تاللايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىمۇ شىنجاڭنى قولغا كىرگۈزۈش مەقسىدە ياقۇپبەگنى پائال سېتىۋالىدۇ. ياقۇپبەگ چاررۇسىيە، ئەنگلىيەدىن ئىبارەت ئىككى خوجايىنىنىڭ كۈشكۈرتىشى ئارقىسىدا 1865 - يىلى شىنجاڭغا ئۇسۇپ كىرىدۇ. ئۇ دۆلىتىمىز زېمىنىغا ئاياق بېسىشى بىلەنلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ياقۇپبەگ تۈرلۈك قەبىھ ۋاستىلارنى قوللىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنى باستۇرىدۇ ۋە قىرغىن قىلىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا «ياقۇپبەگ قەشقەر يېڭىشەھەرگە بېسىپ كىرگەندە ئەسكەرلىرىنى 7 كۈن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا قويۇپ بەرگەن»؛

خوتەن شەھەر خەلقىنى 5 كېچە - كۈندۈز قىرغىن قىلغان «50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم پاجىئەلىك تۈردە قىرغىن قىلىنىپ سېپىل خەندىكى ۋە بارلىق ئازگال ئېرىقلار جەسەت بىلەن تولغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. ياقۇپبەگ قەشقەرگە ئۆسۈپ كىرگەندىن كېيىن ئەينى زاماندىكى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى سىدىقبەگ ۋەجىن شياڭيىڭ قاتارلىق يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ ماسلىششى ئارقىسىدا پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلىپ، 1867 - يىلى ئاتالمىش «7 شەھەر ھاكىمىيىتى» نى قۇرۇپ، ئۆزىنى بەدۆلەتخان دەپ ئاتايدۇ. ئارقىدىنلا 1870 - يىلى 5 - ئايدا تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلىدۇ. 11 - ئايدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۈرۈمچى، ماناس قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىدۇ. تۇرپاننىڭ مۇھاپىزەت باشلىقى ماجۇڭ،مارىندې ئاتا - بالا ئىككىسى ۋە ئۈرۈمچىدىكى مۇسۇلمان خان تودېلىن ياقۇپبەگكە تەسلىم بولىدۇ. ئۈرۈمچى خەلقى شەھەر ئەتراپىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان ئەسكەرلەر ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ جەسىدىنى شەھەر جەنۇبىي 20 يول يىراقلىقتىكى تۆپىلىككە دەپنە قىلىپ، ئۇنى «10 مىڭ كىشىلىك قەۋرىستانلىق» دەپ ئاتايدۇ. بۇ قەۋرىستانلىق تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلامبايدىكى گوبىدىمۇ 10 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ياش ئۆسمۈرلىرى ياقۇپبەگ باسمىچىلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيانە قىرغىن قىلىنغان.

ياقۇببەگ ماجۇڭنى ئۈرۈمچىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنـ
لەپ، خۇيزۇ، خەنزۇلارنىڭ پۈتۈنلەي چىچىنى چۈشۈرۈپ،
كىيىمنى يەڭگۈشلەپ قوقانلىقلارغا چاكار بولۇشى ھەققىـ
دە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ
ھەرقايسى شەھەرلىرىدە ۋاقىتلىق ئوردا سالدۇردى، ئۇ
ئۆزىنىڭ شەھۋانى نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن 600 دىن
ئارتۇق ھەرمىللەت قىزلىرىنى بۇلاپ كېلىپ ئەيشى-
ئىشرەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 3000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۇ-
نىڭغا قۇللۇققا تۇتۇلۇپ خىزمىتىدە بولىدۇ. ئۇ يەنە نۇر-
غۇنلىغان موڭغۇل، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز
قاتارلىق ھەرمىللەت ئۆسمۈرلىرىنى قوقان، پەرغانە ۋە
تۈركىيىگە قۇللۇققا ساتىدۇ. قەشقەردە مەخسۇس قۇل با-
زىرىمۇ تەسىس قىلىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىدە تۈرلۈك ئالۋاڭ-
ياساقلارنى كۆپەيتىپ، خەلقنى ئاشلىق، يەم - خەشەك،
چارۋا قاتارلىق ماددى بۇيۇملار ۋە باج پۇل تاپشۇرۇشقا
مەجبۇر قىلىدۇ. دېھقانلار كىرىمىنىڭ 80% نى بۇلىنىۋالىـ
دۇ. ئەگەر بىرەر ئائىلىنىڭ ئائىلە باشلىقى قازا تاپسا
قالغان مىراسىنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىغا
ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سانسىزلىغان ئائىلىلەر ۋەي-
ران بولۇپ، كىشىلىرى سەرسانلىق ھايات كەچۈرۈشكە
مەجبۇر بولىدۇ. ياقۇپبەگ خەنزۇلار ئۆزلەشتۈرگەن تېرىلغۇ
يەرلەر ۋە چېك ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرىنىڭ يەرلىرىنى
تارتىۋېلىپ قايتا باھا بېكىتىپ ساتىدۇ. بەزى يەرلەرنى

بىر نەچچە قېتىم تارتىشىپ قايتىدىن ساتقانلىقتىن كىشىلەر ئارىسىدا «ئۇ ھەتتا يەرنىڭ بىر قەۋەت تېرىسىنىمۇ قويماي شىلىپ كەتكەن ئىدى» دېگەن گەپلەر تارقالغان ئىدى. ئۇ، ئىسلام بايرىقىنى كۆتىرىپ چىقىپ، خەلىپىلىك تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، فېئودال دىنىي كۈچلەرنىڭ خەلق ئۈستىدىن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشىغا بولۇپمۇ بېشىغا چۈمبەل ئارتماي كوچىغا چىققان ئاياللارنى ئۇرۇپ ھاقارەتلىشىگە ۋە يات دىندىكىلەرنى خالىغانچە بوزەك قىلىشىغا يول قويىدۇ. تەخمىنەن 40 مىڭدەك ئادەم يۇقىرىقى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ياقۇپبەگ، ئىشغال قىلغان شەھەر، ناھىيىلەرنى ئۆزىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى ياكى يەرلىك ئەمەلدارلارغا بۆلۈپ بېرىدۇ. ئۇلارنى شۇ يەرلەرگە قۇلدار قىلىپ يەرلىك دېھقانلارنى قۇللۇققا تۇتۇپ بېرىدۇ. كىرىمىنىڭ ھەممىسىگە قۇلدارلار ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. ياقۇپبەگ مانا مۇشۇنداق ياۋۇز ۋاستىلار ئارقىلىق قول چوماقلىرىنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن ساداقەتمەنلىكىگە جاۋاپ قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئەشەددى قۇلدار ئىدى.

تاشقى دۈشمەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن يىللاردا، ئۈرۈمچىدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى. كەينى - كەينىدىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ياقۇپبەگ باسمىچىلىرىغا ئەجەللىك زەربە بەردى. چاررۇسىيىنىڭ ئۈرۈمچىگە تاجا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋۇز قىلىپ كىرىشىنى توساپ قالدى.

ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى بەزى تاغلىق رايونلارغا خېلى بۇرۇنلا خەنزۇ خەلق قوراللىق قوشۇنلىرى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇلار ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى مەزگىلىدە قېچىپ كېلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، قورغان ياساپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغانلار ئىدى. نەنسەننىڭ شەرقىي ئاق تېرەك جىلغىسىدىكى قارىغايلىق كەنت («گازارما» دەپمۇ ئاتىلاتتى) ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقان شۈي شۆگۈڭنىڭ دېھقانلار قوشۇنى، ماناستىكى جاۋشىڭتىنىڭ قوشۇنى، جىمساردىكى زاسەينىڭ قوشۇنى قاتارلىق دېھقانلار قوشۇنلىرىنىڭ ھەرقايسىسىدا نەچچە يۈزدىن ئادەم بار ئىدى. ئۇ چاغدا چىڭ قوشۇنلىرى بارىكۆل، قۇمۇل تەۋەسىدە تۇراتتى، ئالدى بىلەن ھەرقايسى دېھقانلار قوشۇنى ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتىرىپ تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بەردى. خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ: «بىر مىللىي دۈشمەننىڭ دۆلەت زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ» دەپ كۆرسەتكىنىدەك تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئورتاق كۈرەشتە خۇيزۇ، خەنزۇ خەلقلىرى ئۆزلۈكىدىن بىرلىشىپ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلدى. تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تاشقى دۈشمەنلەرگە زەربە بەردى. شۈي شۆگۈڭ ئاتلىق ئەترەتنى چىقىرىپ باسمىچىلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنى توستى. 1871 - يىلى 4 - ئايدا، شۈي-

شۆگۇڭنىڭ قوشۇنى بىلەن ياقۇپبەگ قوشۇنى ئۈرۈمچى
ساڭفاڭگۇنىڭ غەربىدە توقۇنۇشۇپ بىر مەيدان قاتتىق جەڭ
قىلدى. دېھقانلار قوشۇنى كېچىدە گازارمىدىن چىقىپ يا-
قۇپبەگنىڭ ئاتلىق ئەسكەر قوماندانىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى.
ئارقىدىنلا شۈي شۆگۇڭ باشقا دېھقانلار قوشۇنلىرى بىلەن
ئالاقە باغلاپ، زاسەينىڭ قوشۇنى چىتەيگە، چېن تىڭشۇ-
نىڭ قوشۇنى سانجىغا، جاۋ شىگىتىننىڭ قوشۇنى ماناسقا،
شۈي شۆگۇڭنىڭ ئۆزى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە
كېلىشىۋالىدۇ. ئۇلار تۆت تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا ھەر-
كەتكە كېلىدۇ. شۈي شۆگۇڭ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىپ مان-
جۇ قەلئەسىنى قايتۇرۇۋالىدۇ ھەمدە خەنزۇ قەلئەسىگە
قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ باسمىچىلارغا ئەجەللىك زەربە بېر-
دۇ. شۇ يىلى 5 -، 6 - ئايلاردا خۇيزۇ ئاممىسى شەھەر-
دىن چىقىپ شۈي شۆگۇڭغا ھەربىي ئەھۋاللارنى مەلۇم قىل-
دۇ ھەمدە شۈي شۆگۇڭ قوشۇنىغا يول باشلاپ ساڭفاڭگۇ
ئەتراپىدا ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرى بىلەن كەسكىن جەڭ قىل-
دۇ. جەڭدە شۈي شۆگۇڭ قەيسەرلىك بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ
ئۈرۈمچىنىڭ ھاكىمى ماجۇڭنى چېپىپ ئۆلتۈرۈپ ۋەتەن
خائىنلىرىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ. بۇ ئىشتىن
كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي مارىندي باندىتلارنى يىغىپ ئۈرۈم-
چىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۈرۈمچى ئىككىنچى قېتىم باندىتلار
تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. كۆپلىگەن خۇيزۇ ئاھالىلىرى
ئۇلار تەرىپىدىن تىرىك كۆيدۈرۈلدى ياكى قالايمىقان ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىلغان ئوقيا، ئوقتا دۇچكېلىپ ئۆلدى. تىرىك قالغانلى-
رىغا 600 سەردىن 1000 سەرگىچە كۈمۈش تۆلەش سېلىقى
قويۇلدى. مۇنداق قىرغىنچىلىق ۋە ئېغىر سېلىقتا بەرداش-
لىق بېرەلمىگەن خۇيزۇ خەلقى شۈي شۆگۈك قوشۇنىنىڭ
كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى.

1872 - يىلى 2 - ئايدا، شۈي شۆگۈگنىڭ قوشۇنى
سانجىغا ھۇجۇم قىلدى. خۇيزۇ دېھقانلار قوشۇنىنىڭ باش-
لىقى مامىڭ ئۆز قىسىملىرىنى چىقىرىپ شۈي شۆگۈگغا
ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلدى، ماناستىكى خۇيزۇلار تەشەببۇس-
كارلىق بىلەن جاۋ شىگتىنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلەشتى.
خۇيزۇ، خەنزۇ خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى
نەتىجىسىدە ئۇرۇمچىنىڭ ۋەزىيىتى كۆپ ياخشىلاندى.
يەرلىك خۇيزۇلار شۈي شۆگۈك قوشۇنىنى كېرەكلىك ئاشلىق،
يەم - خەشەك بىلەن پائال تەمىنلىدى. 5 - ئايدا شۈي-
شۆگۈگنىڭ قوشۇنى ئۇرۇمچىنىڭ جەنۇبىدا باسمىچىلار بىلەن
يەنە بىر قېتىم ئېلىشتى، ئۇرۇشتا شۈي شۆگۈگنىڭ ئىنىسى
شۈي شۆسى توپ ئوقىغا دۇچكېلىپ قۇربان بولدى، شۈي-
شۆگۈك شاشەنزىگە چېكىندى. ياقۇپبەگ ئۇرۇمچىدىكى خۇي-
زۇ، خەنزۇ خەلقىنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق قىرغىن قىلا-
دى، يارامىلىق ئەزىمەتلەرنى قۇللۇققا تۇتۇپ جەنۇبىي
شىنجاڭغا يالاپ ئېلىپ ماڭدى. يالاپ ئېلىپ مېڭىلغانلار
يېرىم يولغا بارغاندا گۇمۇدىلىق مامىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە
ئىسيان كۆتىرىپ ھەر قايسى ئۆز يۇرتلىرىغا قېچىپ كەت-

تبى. مامىڭنىڭ ئىنىسى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن-
لىكى ئۇچۇن قەلبى ئۆچمەنلىك ئوتىغا تولغان ئىدى. ئۇ
چىتەيكە بارغاندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى بىلەن
مۇناسىۋەت باغلاپ ئۇلارنى ئاشلىق، يەم - خەشەك بىلەن
تەمىنلىدى. چىڭ قوشۇنى خۇيزۇلارنىڭ ماددى ياردىمىگە
ئېرىشكەندىن كېيىن باش سەردار جاڭ يۈيچۈننى
قوشۇن باشلاپ غەرپكە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىپ، گۇمۇدىدا
قاراۋۇللۇق پونكىتى قۇردى. خۇيزۇ، خەنزۇ خەلقلىرى
ئىتتىپاقلاشقان، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلاشقان مۇن-
داق ۋەزىيەت ئەسلىدە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش ئۈ-
چۈن پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن چىڭ قوشۇنىنىڭ دېھقان-
لار قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىشى ياخشى بولمىغانلىقى،
ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇۋاپىق بولمىغانلىقى ۋە ئەسكىرىي كۈچ-
نى چېچىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ياقۇپبەگ پۇرسەتتىن پايدى-
لىنىپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ چىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغ-
لۇپ قىلدى، گۇمۇدى يەنە بىر قېتىم ياقۇپبەگ تەرىپىدىن
ئىگەللىۋېلىندى.

بۇ ۋاقىتتا چاررۇسىيىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈ-
رۈمچىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش نىيىتىدە بولدۇ. 1872 -
يىلى 11 - ئايدا غۇلجىدا بىر تۈركۈم قورallىق كۈچ تەش-
كىللەپ ئۇنى «سودا ئەترىتى» نىقاۋىدا ئۈرۈمچىگە ئەۋە-
تىدۇ. ئۇلار كۈيتۇندىن ئۆتۈپ ماناسقا قاراپ ئىلگىرىلەي-
دۇ، شاشەنزىدە تۇرۇۋاتقان شۈيشۆگۇڭنىڭ قوشۇنى ئۇلار-

غا پەم بىلەن زەربە بېرىپ 50 تىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆل‍تۈردۇ ۋە يارىلاندۇردۇ، نۇرغۇن ماددى مال ۋە چارۇ‌ۋ‍سىيە پۇلىنى ئولجا ئېلىپ چارۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى توساپ قالدۇ.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تاشقى دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۆرەشتە ئۆمىتنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە چىڭ قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە باغلىغان ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقى كو‌چا دوخمۇشلىرىدا «خەنزۇلارنىڭ يېقىن ئارىدا يېتىپ كې‌لىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىشىپ» بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىشكەن. بەزى بەگلەر سودىگەر بەختىنى چۆچەككە ئە‌ۋەتىپ چىڭ قوشۇنىغا ئەرز سۇنۇپ چىڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. جايلاردىكى ئەمگەكچى خەلق ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردىن تۈركۆملەپ قېچىپ چىقىپ دېھقانلار قوشۇنىغا قوشۇلۇپ تاشقى دۈشمەنگە قارشى كۆرەشكە ئاتلاندى. شۇي شۆكۈكىنىڭ قوشۇنى نەچچە يۈز كىشىدىن 4- 5 مىڭ كىشى‌لىك زور قوشۇنغا ئايلاندى.

شىنجاڭنىڭ ئېغىر ۋەزىيىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى‌نىڭ زور دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. زوزۇڭتاڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش تەشەب‌بۇسىنى قويىدى. بۇ تەشەببۇس ئوردىدا كۆپ كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1875 - يىلى 5 - ئايدا، چىڭ سۇلا-

لىسى ھۆكۈمىتى زوزۇڭتاڭنى باش ھەربىي ۋالىيلىققا تەيىنلەپ، خۇنەن، سىچۇەن، ئەنخۇي قاتارلىق ئۆلكىلەردىن تەخمىنەن 60 مىڭ ئەسكىرىي كۈچنى يۆتكەپ شىنجاڭدا ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتتى. چىڭ قوشۇنلىرى ئۇرۇش جەريانىدا جايلاردىكى خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. چىڭ قوشۇنلىرى 1876 ـ يىلى فۇكاڭغا كىرگەندە يەرلىك خەلق ئۇلارغا شۇ جاينىڭ يەر شارائىتى، سۇ، ئوت ـ چۆپ قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى پائال تونۇشتۇرۇپ، چىڭ قوشۇنىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى چىقىرىپ تۈن كېچىدە خۇاڭتەنگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشى ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ گۇمۇدىنى مۇھاسىرە قىلىپ ياقۇپبەگ باسمىچىلىرى بىلەن ئۇرۇش مەيدانى ئېچىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. چىڭ قوشۇنى گۇمۇدىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈرۈمچى، سانجى، قۇتۇبى قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئۈرۈمچى باندىتلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىپ خىش ـ كېسەك دۆۋىسىگە ئايلانغان ئىدى. «خەنزۇ قەلئەسىنىڭ خارابىلاشقان سېپىلىلا قالغان. مانجۇ قەلئەسى تۈزلىۋېتىلگەن.» 4 يېزىدىكى ئېتىز ـ ئېرىق، باغ ـ ئورمانلار قاقاسلىققا ئايلانغان، ئەتراپتىكى باشقا قەلئە ۋە بازارلارمۇ ئەسلى قىياپىتىنى يوقاتقان ئىدى.

چىڭ قوشۇنىنىڭ غەلىبىلىك ھۇجۇمىغا ئەگىشىپ، ياقۇپبەگ ئىشغال قىلغان رايونلاردىن قامالنى بۆسۈپ

قېچىپ كېتىدىغانلار بارغانچە كۆپەيدى. ئۈرۈمچىگە كېلىپ ياقۇپبەگنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ پانالىق تىلىگۈچى ئۇيغۇر، خۇيزۇلارنىڭ سانى 300 دىن ئېشىپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ياقۇپبەگكە ئىستائەت قىلغان نۇرغۇن بەگلەرمۇ چىڭ قوشۇنلىرىغا مەخپىي خەتلەر يازدى. ياقۇپبەگنىڭ غەزىنە بېگى ھۇشۇرئاخۇن خىتاي① دېگەن ئادەممۇ ياقۇپبەگ بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ ئۆز ئادەملىرى ۋە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن چىڭ قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولدى. تۇرپاندا تەسلىم بولغان ئەخمەت دېگەن ئادەممۇ چىڭ قوشۇنلىرىنى مۇھىم ھەربىي ئاخبارات بىلەن تەمىنلىدى. ليۇجىنتاڭ چىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ تۈن كېچىدە داۋانچىڭنى مۇھاسىرە قىلىۋالغاندا، قەلئەدىكى ئۇيغۇر خەلقى ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي قەلئە سىرتىغا چىقىپ چىڭ قوشۇنىغا «كۈتكەن ياردەم كېلەلمەسلىكى مۇمكىن، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىش كېرەك» دېگەن ھەربىي ئاخباراتنى يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، چىڭ قوشۇنى «داۋانچىڭ» قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

① ياقۇپبەگنىڭ ھوزۇرىدا ئىشلەيدىغان ھۇشۇر مەھرەم دەيدىغان بىر خەنزۇ بالىسى بار بولۇپ، ياقۇپبەگ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىشىنەتتى. ياقۇپبەگ 40 ئاتقا ئالتۇن - كۈمۈش ئارتىپ، ئۇلارنى توخسۇنغا ھەققۇلىبەگنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەندە، مەزكۇر ھۇشۇر خىتاي ئۈرۈمچىگە خەنزۇلارنىڭ يېنىغا قېچىپ كېتىمدۇ.

— تەھرىردىن.

ياقۇپبەگ 1877 - يىلى كورلىدا قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئىبتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئوغلى قالدۇق قوشۇننى باشلاپ غەرپكە قاچتى. ياقۇپبەگنىڭقولچومىقى بەي يەنخۇ قايدۇ دەرياسىنىڭ سۈيىنى قويۇۋىتىپ چىڭ قوشۇنىنىڭ يولىنى توسدى. ئۇنىڭ ئورۇنباسارى ليۇسيۇ، بەي يەنخۇدىن يۈز ئۆرۈپ ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ كىتىپ قالدى. چىڭ قوشۇنى ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل خەلقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا قايدۇ دەرياسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قاراشەرنى قايتۇرۇۋالدى. كۇچاردىكى توختى شاھ، بۈگۈردە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ ھەقىقەتكە قايتقان قادىربەگ ئاممىغا يىتەكچىلىك قىلىپ چىڭ قوشۇنىغا ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلدى. باي، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارقا - ئارقىدىن كۆتىرىلىپ قالدۇق باسمىچىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئىچىپ چىڭ قوشۇنلىرىنى قارشى ئالدى. ئاتۇشتىكى يەرلىك قىرغىز خەلقى قوراللىق كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەغلۇپ بولۇپ قاچقان ياقۇپبەگنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنىڭ يولىنى توساپ زەربە بەردى. پامىر ئىگىزلىكىدىكى تاجىك خەلقى غىيرىتى دىگەن ئادەمنىڭ رەھبەرلىكىدە ياقۇپبەگ باسمىچىلىرىنىڭ قورچاق ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈردى، ياقۇپبەگ باسمىچىلىرىنىڭ كاتتىۋىشى يۇنۇسجاننى ئەسىرگە ئىلىپ، يالاپ قەشقەرگە ئىلىپ بىرىپ چىڭ قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

تاشقى دۈشمەن ياقۇپبەگكە قارشى كۈرەشتە ئۇرۇمـ

چىدىكى خەنزۇ، خۇيزۇ خەلقى، جەنۇبى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن قۇربان بېرىشتىن قورقماي، باسمىچىلار بىلەن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلدى. بۇ ئۈرۈمچى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارلاق تارىخىي. بۇلارنىڭ ھەممىسى گەرچە ئۆتكەن ئىشلار بولسىمۇ، بىراق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قايتۇرما زەربە بەرگەن پارلاق تارىخىي مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

## شىنخەي ئىنقىلاۋىنى قوللىغۇچى تۇنجى ئەجدات
## يەجاڭ روزى ھاجىم

شىرىپ خۇشتار

روزى ھاجىمنىڭ ئەسلى ئاتا يۇرتى قەشقەر توققۇزاق بولۇپ، دادىسى نەۋرىباينىڭ جەمئىيەتكە ئارىلاشقان يىللىرى دەل، ئىغىر زۇلۇم - كۈلپەتكە ئۇچراپ كەلگەن جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى، تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋىي ۋە شەنشى - گەنسۇدا پارتلىغان خۇيزۇ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تۈرتكىسىدە كەينى - كەينىدىن قوزغىلىپ چىڭ سۇلالىسى ئىستىبداتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرى بولغان يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان مەزگىللەر ئىدى. نەۋرىباي، 1854 - يىلدىكى قەشقەر خان ئىرىق دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە 1856 - يىلى مەمتىلى رەھبەرلىك قىلغان ئاتۇش مىس كانىدىكى دېھقان قۇللارنىڭ قوزغىلىڭىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇ ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ بىرلىشىپ باستۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولغان زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان دېھقانلار پا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەمئىيەت باستۇرۇلغان. بۇ ھال ئادالەتپەرۋەر نەۋرىبايىغا
قاتتىق تەسىر قىلغانلىقتىن ئۇ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ،
جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى كېزىپ، تەخ-
مىنەن 1860 - يىللىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ
كىچىك كەسپىي تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ جاھاندارچى-
لىق قىلغان. ئۇ كۆڭۈل قويۇپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ
ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، سودا تەرەققىياتى بىلەن ھاللىنىدۇ. ئۇ
پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۈرۈمچى كونا ئايرودرومى ئەت-
راپىدا ئەسىرلەپ قاغجىراپ ياتقان مول بوز يەرنى ئۆز-
لەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىدۇ. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقى-
رىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ قوشۇمچە چارۋىچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بارا - بارا تىجارەت، چارۋا ۋە ئا-
ساسەن دېھقانچىلىق كىرىمى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى مۆلۈكدار
نوپۇزلۇق كىشىلەردىن بولۇپ قالىدۇ.

ئۇ يىللاردا ئۈرۈمچىدە 30—40 مىڭدەك ئاھالە بولۇپ، شەھەر
ئىچىگە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مانجۇ -
خەنزۇ ئەمەلدارلار، نوپۇزلۇق مانجۇلار، خەنزۇلار، زەردارلار،
باي سودىگەرلەر ۋە بىر قىسىم مانجۇ، خەنزۇ قول ھۈنەرۋەن،
سەيچى دېھقانلار ئىدى. ئۈرۈمچى نوپۇسىنىڭ 60% تىن
كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاھالە شەھەر سىرتىغا يەنى
ھازىرقى نەنمېن سىرتىدىن دوڭ كۈۋرۈككىچە، سايۋاغ،
چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپىغا جايلاشقان ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپىن-
چىسى ئۇششاق تىجارەت، ھۈنەر - كەسىپ بىلەن

شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەر، يەنە بىر قىسمى ئەمگەك كۆ-
چىنى سېتىپ كۈن كەچۈرىدىغان كەمبەغەللەر ئىدى. ئۇلار
باي - پومىششىكلارغا كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەيتتى ياكى
خاكلاردا ئىشلەيتتى. ئۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم —
فېئودال ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى
يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى-
غا ئۇچراشتىن تاشقىرى يەنە ئۆز مىللىتى ئىچىدىن چىق-
قان فېئودال ئاقساقاللارنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇناتتى.
نەۋرىباي بولسا مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان ئېزىل-
گۈچى خەلق تەرىپىدە تۇرغان ئاقساقاللاردىن ئىدى.

نەۋرىباي — ۋەتەنپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر، ئەقىل-
ئىدرەكلىك ئۆتكۈر سۆزلۈك كىشى بولۇپ، ھۆكۈمەت ۋە
خەلق ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئوغ-
لى روزى ھاجىم 1870 - يىلى ئۇرۇمچىدە تۇغۇلغان. ئۇ،
ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇن ئائىلىنىڭ ياخشى تەربىيىسىنى ئې-
لىپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان(ئۇ
يىللاردا پەننى مەكتەپ يوق ئىدى) ھەم بالاغەتكە يەتكىچە
بولغان ئارىلىقتا دادىسىغا ئەگىشىپ تىجارەت يوللىرىنى
ئۆگەنگەن.

روزى ھاجىم كىچىكىدىنلا زېرەك، سېزىمچان، ئۇچ-
راتقان ھادىسە - ۋەقەلەرنىڭ سىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى بى-
لىشكە قىزىقىدىغان، بىلىمگەننى سوراپ بىلىشتىن تارتىن-
مايدىغان كىشى ئىدى. ئۇ، ئەينى زامانلاردا دادىسى قات-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ناشقان ھەر قانداق ئىجتىمائىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا بىللە بولغان، جۈملىدىن ئۇ سورۇنلاردا بولىدىغان تارىخ، ئەدەبىيات، دىن ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش پاراڭلىرى، ھېكايە، چۆچەك قاتارلىقلارنى، بولۇپمۇ ۋەزىيەت ھەققىدىكى پاراڭلارنى قىزىقىپ ئاڭلايتتى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، مەيلى قانداق سورۇن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر پىشقەدەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭلاردىكى بەزى ئېنىقسىز مەسىلىلەرگە قارىتا دەرھال نىمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئاللارنى قويۇپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇراتتى.

روزى ھاجىم ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، دائىم مانجۇ ئاقسۆڭەك تۆرىلەر ھەر قېتىم يامۇلدىن ياكى شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كىرگىنىدە پو ئېتىلىدىغانلىقى، بۇ چاغدا ھەر مىللەت خەلقى بارلىق ئىشنى توختىتىپ، يەرنىڭ شېغىللىقىياكى قارا پاتقاق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر تىزلىنىپ بېشىنى يەرگە قويۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرەتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ناھايىتى غەلىتە تۇيۇلاتتى. بىر كۈنى ئۇ، چوڭلارنىڭ بىرىدىن بۇ ئىشنىڭ سىرىنى سورايدۇ. ھېلىقى كىشى چۈشەندۈرۈپ: «مانجۇلار پۈتۈن جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى مىللەت، شۇڭا باشقا مىللەتلەر مانجۇ تۆرىلەرگە باش قويىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە بىر ئىنتايىن نامۇۋاپىق تۈزۈم بار؛ ئۇ بولسىمۇ، ھەر قانداق بىر مانجۇ ئائىلە ئوغۇل تۇغسا، تۇغۇلغان كۈنىدىن باشلاپ ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۇنىڭغا مائاش

ۋە ئاشلىق بېرىلىدۇ، قىز تۇغسا مائاش بېرىلمەي ھەقسىز ئاشلىق بېرىلىدۇ، ئادەتتىكى مانجۇ پۇقرالارمۇ ھېچقانداق ئالۋاڭ ـ ياساق تۆلىمەيدۇ. باشقا مىللەتلەر مانجۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى قىلسا قانۇنىيجازاغا تارتىلىدۇ، نەرسە-كېرەكلىرى تۆلىتىلىدۇ. مانجۇلار باشقا مىللەتلەرنىڭ مال-مۈلكىگە زىيان يەتكۈزسە تۆلىمەيدۇ. بۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مانجۇلارغا بەرگەن ئالاھىدە ئىمتىيازى ...» دېگەنلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى مانجۇ ئىستىبداتلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇڭا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭلار پارتلىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭلار كۆتىرىلگەن ۋاقىتتا، ئەنگلىيە، چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن قوقاننىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ شىنجاڭغا بېسىپ كىردى. ياقۇپبەگنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىدىكى يىللاردا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى تېخىمۇ ئېغىر كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

ھىجرىيە 1224 ـ يىلى 10 ـ زۇلھەججە (مىلادى 1877 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى تازىلاپ، شىن-

جاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار ھەرقايسى جايلارغا تەيىنلىگەن يەرلىك ئەمەلدارلار ئوخشاشلا يەرلىك فېئودال كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئەمگەكچى خەلقنى ئەزدى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، مىللىي زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھىلە - مىكىر ئىشلىتىپ ۋە بۇ خىل زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى كېڭەيتمەكچى بولدى.

روزى ھاجىم مەكتەپ يىللىرىدا ئىشتىياق بىلەن ئوقۇغان «زەپەرنامە»، (1860 - يىلى شائىر ۋە تارىخچى مۇەننى (سازەندە) تەخەللۇسىدا يازغان ئەسەر)، 1898 - يىلى ئاتۇشلۇق مەھمۇت ئەخمەت (مەھمۇت ھېكىم بەگ)، شەيخ ئارۇپ يازغان «تارىخى ياقۇپبەگ» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئوقۇغانلىرىنى ئاڭلىغانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەكسىيەتچىلىك ۋە ئىلغارلىق، يورۇقلۇق ۋە زۇلمەتلىك، ئادالەتلىك ۋە قەبىھلىكنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ چىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلدۇ ھەمدە قەشقەر خەلقىنىڭ مەنچىڭ ئىستىبداتلىرىۋە يەرلىك زالىملارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە ھېسداشلىق قىلدۇ. ئەجداتلارنىڭ كۈرەش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشقا بەل باغلايدۇ. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ قاتارغا قوشۇ-

لىدۇ. روزى ھاجى ئادىل پىكىرلىك راستچىل كىشى بول-
غانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ھەرتەرەپلىمە
قابىلىيىتىگە قاراپ ھەرمىللەت تىجارەتچىلىرى ئۇنى ئۆز-
لىرىگە شاڭزۇڭ (ئاقساقال) قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئۇ شاڭزۇڭ
بولغان مەزگىلدە تىجارەتچىلەر ئىچىدىكى ئىبلىس - سىپتىم
ۋە باشقا تالاش - تارتىش ئىشلىرىنى توغرا مەيداندا تۇ-
رۇپ، ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇ، مەيلى قانـ
داقلا ئىش قىلمىسۇن مىللەت ئايرىماي ئوخشاش مۇئامىلىدە
بولغاچقا ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.
ئۆتمۈش جەمئىيەت ھەققەتەن پۇلدارلار ئۈچۈن
«جەننەت»، نامراتلار ئۈچۈن «دوزاق» ئىدى. كەمبەغەللەر
ئاچلىق، يوقسىزلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتسا ھېچكىمنىڭ كارى
يوقتى. خاڭ ئىشچىلىرى ھادىسىگە ئۇچراپ مېيىپ بولۇپ
قالسا ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقمايتتى، بەلكى ئىشتىن
ھەيدىلەتتى. كېسەللەر، ئىگە - چاقىسىز قېرىلار ۋە باشقا
يوقسۇزلار ياز كۈنلىرى سېپىل تۈۋى ۋە خابا ياقىسىدا
يېتىپ بەدەنلىرى تېشىلىپ يىرىڭلاپ، كېسەل ئازاۋى ۋە
ئاچلىقتىن ئۆلسە، قىش كۈنلىرى قەھرىتان سوغاقتا توڭلاپ
قالاتتى. ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىدا يىلدا يۇقىرقىدەك سەۋەپ-
لەر بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغان يوقسۇللارنىڭ سانى ئاز ئە-
مەس ئىدى.
چىرىكلەشكەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يوقسۇللار-
نىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۇيىاقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تۇرلۇك رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، خەلقنى ئېزەتتى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. ئالايلۇق: ئەگەر بىر مانجۇ ئەمەلدار ئۆلسە، خەلققە 100 دىن 500 گىچە ماتا ئالۋاڭ سالاتتى. يىغىلغان ماتالاردا چوڭ شىتەيزە (سەھنە) ياسايتتى (سەھنىنىڭ ھەممە يېرى ئاق ماتا بىلەن ئورىلاتتى). گۇەنسەي جازىسىنىڭ ھەممە يېرى ئاق ماتا بىلەن ئورىلاتتى. گۇەنسەي كۆتەرگۈچىلەر ۋە ئۆلۈم ئۇزىتىشقا چىققۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاق ماتادىن كىيىنەتتى. ئۆلۈك كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن قالغان ماتا ئۆلۈم چىققان ئائىلىگە بېرىلەتتى.

روزى ھاجىم جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، كېسەل، مېيىپ، ئىگە ـ چاقىسىز قېرى ـ يېتىملارغا ئاتىدارچىلىق قىلدى. ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرمۇشىنى تەمىن ئەتتى، ئۆلگەنلەرنى ئۆز ئىقتىسادى بىلەن يەرلىكىدە قويدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئازغىنە ئىقتىسادى بىلەن ئۇنچىلا كۆپ يېتىم ـ يېسىر، نامراتلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىر ياخشى تەدبىر ئويلاپ چىقىپ مەسچىتكە ساخاۋەت ساندۇقى ئورنىتىپ قويدى. خالىس سەدىقە قىلغۇچىلار پۇلنى ساخاۋەت ساندۇقىغا سالدى. بۇ ئۇسۇل بىلەن يىغىلغان پۇل قىيىنچىلىقى ئەڭ ئېغىر بولغانلارغا ئىشلىتىلىپ كۆپلىگەن يوقسۇللارنىڭ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى.

روزى ھاجىمنىڭ بۇ تەكلىپ ـ تەدبىرى ئۈرۈمچىدىكى كەڭ كەمبەغەللەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. كېيىنچە بۇ دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە ئۈرۈمچىنىڭ ھەر قايسى ساھەسىدىكى تەرەققىپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ بىر دارىلئاجىزىم قۇرۇلدى. بۇ، شىنجاڭدىكى تۇنجى خەلق باشقۇغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنى بولۇپ، ئۈرۈمچىدىكى يېتىم ـ يېسىر، مېيىپ، يوقسۇللار ئۈچۈن كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى.

1905 ـ يىلدىن باشلاپ، ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تەدرىجى كەسكىنلەشتى. شىنجاڭنىڭ شۇنفۇسى ليەنكۈي دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ بوران ـ چاپقۇنىنى توساش ئۈچۈن، شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئېكسپىلاتاتسىيىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، تۈرلۈك باج ـ سېلىقلارنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشتىن تاشقىرى، يېڭىدىن ھەرخىل ئالۋاڭ ـ ياساقلارنى كۆپەيتتى. زوۋاللىققا يۈز تۇتقان چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئەڭ رەزىل ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ ھەر مىللەت يوقسۇل ئەمگەكچى خەلقىنى تېخىمۇ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى چىرىكلەشكەن ھۆكۈمەتكە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى، نارازىلىقى تېخىمۇ ئۇلغايدى. 1907 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر خەلقى رەجەپ ئاكىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوزغىلاڭ كۆتەردى. يەنداخۇا بارلىق تەدبىرلەرنى قوللى-
نىپ بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى قوراللىق باستۇردى. لېكىن،
خەلقنىڭ ئىستىبداد ھاكىمىيەتكە بولغان غەزەپ - نەپرى-
تىنى بېسىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەلكى بۇ كۈرەش
تەدرىجى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيدى. يەنداخۇا ھەممىلا
يەردە ئەۋج ئېلىۋاتقان زۇلۇمغا قارشى كۈرەش يالقۇنىنى
ئۆچۈرۈش غەرىزىدە 1909 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى
ئەسكەر چىقىرىپ ئۈرۈمچىدىكى يۈزلىگەن بىگۇنا
پۇقرالارنى ئۆلتۈردى. 1910 - يىلى 8 - ئايدا، يەنە زور
تۈركۈمدە ئەسكەر چىقىرىپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىدىكى
مۇھاپىزەتچى قىسىملارنىڭ ئىسيانىنى قوراللىق باستۇردى.
1910 - يىلى 11 - ئايدا، لىيەنكۈي زۇلۇمغا قارشى كۆتى-
رىلگەن دولقۇننىڭ زەربىسىدە تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر
بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا كەلگەن يەنداخۇا —
قەبىھلىكتە ئۇچىغا چىققان ئەبلەخ بولۇپ، خەلقنىڭ
ئىنقىلاۋىي ھەركەتلىرىنى باستۇرۇشتا لىيەنكۈيگە قارىغاندا
تېخىمۇ زەھەرلىك ۋاستىلەرنى قوللاندى.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى روزى ھاجىمنى تېخىمۇ ئويى-
غىتىدۇ، ئۇنىڭ كاللىسىدا، پەقەت ھەر مىللەت خەلقى ئىت-
تىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغاندىلا ئاندىن ئەكسىيەتچى ھۆ-
كۈمرانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولىدىكەن دېگەن
تونۇش پەيدا بولىدۇ. روزى ھاجىم زور كۈچ سەرپ قىلىپ
تۇرلۇك ئاماللار بىلەن «كېلاۋخۇي»چىلار بىلەن مۇناسىۋەت

باغلاپ، ئۇلارغا ئۆزى بىلەن بىر يولدا ھاكىمىيەتلەشكەن مۇستەبىت ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇلار روزى ھاجىمغا: «بىز گەرچە مەخپى تەشكىلات بولساقمۇ، لېكىن بىز، بىز بىلەن ئورتاق نىشانغا ئىگە بارلىق ئادەملەر بىلەن بىرلىشىمىز، سىلەرنىڭ، بىزنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشىمىزنى قوللىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز» دەيدۇ ھەم پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا مىسلىسىز چوڭ بىر ئىنقىلاۋىي بوراننىڭ كۆتىرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن روزى ھاجىم جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ سىياسى قىياپىتىنى ئوچۇق ـ ئاشكارىلاپ، تۈرلۈك ئاممىۋى سورۇنلار ھەتتا نەچچە ئادەم سۆھبەتلەشكەن سورۇنلاردىمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىكلەشكەن ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى ئىنقىلاۋىي كۈرەشنى كۈتۈۋېلىش ئىستىكىنى ئاشكارىلايدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي روزى ھاجىم ئارزۇ قىلغان كۈنلەرمۇ يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ، ئىنقىلاۋىي پارتىيە ئەزالىرىدىن ليۇ شەنجۈن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن نەنسەن، ئۈرۈمچىدىكى 35 تۈتۈن (كونا ئايرودروم)، شىمىگو قاتارلىق جايلاردا ئۇچرىشىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئىنقىلاۋىي قوزغىلاڭنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا روزى ھاجى، سانجى، ماناس، ئۈرۈمچى، نەنسەن ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ھەركەتلەندۈرۈپ قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە

مەسئۇل بولىدۇ. ئۇ، ئىنقىلاۋىي پارتىيىدىكىلەرنىڭ ھەر-كەتلىنىش ئۈچۈن ئىقتىساتقا جىددى ئېھتىياجلىق ئىكەنلى-كىنى بىلگەندىن كېيىن، قىلچە ئىككىلەنمەستىن، نەچچە يۈز يۈەن كۈمۈش پۇل ياردەم بېرىپلا قالماستىن بەلكى ئۈزۈم-چىدىكى ھاللىق سودىگەرلەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىپەرۋەر زاتلاردىن مۇھەممەت قارى، ھاجى نەمەت ئاخۇن، ئابلائاخۇن تۆگە، ئابلائاخۇن ئىشان، خوتەنلىك مەخسۇت ئاخۇن، مەن-سۇر باي، تۇرسۇن بابا، ھوسەيىن باي، سەپەر ئاخۇن، خوتەنلىك ساقى ئاخۇن باي ۋە ئۆزىنىڭ ئاكىسى پالتاخۇن، تۇردى ئاخۇن (كېيىنكى ۋاقىتتا شاگىرۇك بولغان) قاتار-لىقلارنى ھەركەتلەندۇرۇپ كۆپلىگەن ئىئانە پۇل، ئاشلىق، يەم - خەشەك، مال - چارۋا قاتارلىقلارنى توپلاپ، ئىن-قىلاپنى پائال قوللاپ، قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئىقتىساتلىق ماددى بۇيۇم ۋە ئىقتىسات بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

روزى ھاجى ليۇشەنجۇن ئارقىلىق ئىلى ئىنقىلاۋىي پارتىيىنىڭ رەھبىرى ياڭزەنشۈي بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ ئىلىدىكى يەرلىك نوپۇزلۇق زاتلاردىن ھاكىم بەگ، ھۇ-سەنباي ھاجى، ياقۇپباي قاتارلىقلارنىڭ ئىنقىلاپقا ھېسسى-داشلىق قىلىشى ۋە ماددى، مەنىۋى ياردەم بېرىشىنى قول-غا كەلتۈرىدۇ. نەتىجىدە ھاكىم بەگ ئىلى سەكسەن يۈزى-دىكى دېھقانلارنى ھەركەتلەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆيەردىكى ئاشلىق - تۆلۈگىنى ياردەم بېرىشكە ۋەدە بېرىدۇ. ھۇسەن-باي، ياقۇپبايلار ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنى قىشلىق كىيىم -

كىچەك، ئىگەر ۋە باشقا ئۇرۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ليۇشەنجۈن باشچىلىقىدىكى «گېلاۋخۇي» ئىنقىلاۋىي پارتىيىدىكىلەر ئۇرۇمچىدىكى «گۈەن يىنگې» قەدىمىي بۇتخانىسىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، ئەكسىيەتچىلەر تەرەپ-تەرەپكە پايلاقچىلارنى قويۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. روزى ھاجى نەنگۈەن ئەتراپىدىكى ناۋايلارنىڭ بارلىق نېنىنى سېتىۋېلىپ ئۇلارغا نانلىرىنى بىر-بىرلەپ قەدىمىي بۇتخانىغا ئاپىرىپ بېرىشنى تاپشۇرىدۇ. ناۋايلار ئەتەي «نان ساتىمەن» دەپ توۋلاپ بۇتخانىدىن ئادەم چىقىشنى كۈتۈپ تۇرۇپ، دەرۋازا ئېچىلىپ ئادەم چىققان ھامان ھەممە نېنىنى ئۇلارغا بېرىدۇ. 1911 - يىلى 28 - دېكابىر، ئىنقىلاۋىي پارتىيىدىكىلەر قوزغىلاڭ كۆتىرىشتىن بۇرۇن، ھەربىي ھەركەتكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، ليۇشەنجۈن بىلەن روزى ھاجى مەسلىھەتلىشىپ قوزغىلاڭنىڭ قوماندانلىق ئىشتاۋىنى نەنگۈەن فۇشۇخادىكى خۇيزۇ ليۇھاجى (ليۇجىنسەي) نىڭ تۆگمىنىدە قۇرىدۇ. بۇ قاينام - تاشقىنلىق قوراللىق قوزغىلاڭ گەرچە يەن داخۇانىڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلۇپ، مۆلچەرلەنگەن غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن روزى ھاجىنىڭ ھەرمىللەت خەلقلىرىنى ھەركەتلەندۈرۈپ قوزغىلاڭغا ياردەم بەرگەن تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى ئۇرۇمچى تارىخىدا مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

ئۇرۇمچىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن
كېيىن، ئىلىدىكى پىدائىيلار قوشۇنى 1912 - يىلى 1 - ئاي-
دا، ياڭزەڭشىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە مۇرىنى -
مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە ئىلى جاڭجۈن
مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىپ جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇل-
غانلىقىنى جاكالايدۇ. ئىلى ئىنقىلاۋىي پارتىيىدىكىلەر
جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كې-
يىن، روزى ھاجىم ئىنتايىن ھاياجانلىنىدۇ. شۇ كۈنىلا جۇم-
ھۇرىيەت ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ، ئۇلاردىن ھەر مىللەت
خەلقى قاتناشقان بىرلىكسەپ تەشكىللەپ، ئىنقىلاپنىڭ
ئوتىنى پۈتۈن شىنجاڭغا تۇتاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم-
دە شىنجاڭدا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەشەب-
بۇس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇرۇمچىدىكى تە-
رەققىپەرۋەر زاتلاردىن (يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان زاتلار-
دىن) يىققان ئىئانە بۇيۇملارنى ئابلا ئاخۇن، ناسىر ھە-
سەن (ناسىربەگ) قاتارلىق كىشىلەردىن ئىلى ئىنقىلاۋىي
ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىدۇ. لېكىن بەختكە قارشى ياردەمگە ئەۋە-
تىلگەن بۇ ماددى بۇيۇملار شىخۇ ناھىيىسىگە يېتىپ بارغى-
چە يەن‌داخۇا قوشۇنى تەرىپىدىن تۇساپ قېلىنىدۇ.

قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت يۇقىرىدا چىڭ خاندانلىقى-
نىڭ قوللىشىغا يۆلىنىپ تۆۋەندە يەن‌داخۇانىڭ قوراللىق
ھىمايە قىلىشىغا تايىنىپ قۇمۇل خەلقى ئۈستىدىن شەپقەت-

سىز زۇلۇم يۈرگۈزگەن ئىدى. ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدا يۈز بەر-
گەن شىنخەي قوراللىق ئىنقىلاۋى ۋەقەسى شىنجاڭدىكى
ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئىنقى-
لاۋي خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئاشۇردى. شىنجاڭنىڭ ئاخىرقى
شۇنفۇسى يەن داخۋا منگو قۇرۇلغان بىرىنچى يىلى يەنى 1912-
يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ ئۆز
بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا قۇمۇل
ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ئەمەلدارلىرى قۇمۇلنىڭ قوراي جىل-
غىسىغا باج ئېلىش ئۈچۈن چىققانىدا چېكىدىن ئاشقان
زۇلۇمغا چىدىغۇچىلىكى قالمىغان يەرلىك دېھقانلارنىڭ
غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغايدۇ. تۆمۈر خەلپە 300دىن ئار-
تۇق دېھقانلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ زالىملارغا قارشى قوز-
غىلاڭ كۆتىرىدۇ. بۇ چاغدا قېچىپ قۇمۇلغا بېرىۋالغان يەن-
داخۋا يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈ-
رۈپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش خام خىيالىدا بولغان بولسىمۇ،
لېكىن ئىسيانچىلار تەرىپىدىن يەر بىلەن يەكسەن قى-
لىنىۋېتىلىدۇ.

روزى ھاجىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەر-
ھال ئىنىسى ئەمەتجان يىڭجاڭ (ئەمەتخان دارىن دەپمۇ
ئاتالغان) نى بىر قانچە كىشىگە قوشۇپ قۇمۇلغا ئەۋەتىپ،
تۆمۈر خەلپىنى قوللايدۇ ھەمدە تۆمۈر خەلپە بىلەن قۇ-
مۇلدىكى ئىنقىلاۋي پارتىيە كىشىلىرىنى ئۇچراشتۇرۇپ،
يەن داخۋانىڭ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش سۇيىقەستىنى ئۇزۇل-

كېيىن تارمار قىلىندۇ.

يەن داخۇا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلمىش ۋاقتىدا ياڭزېڭشىننى ئۆلكىنىڭ دۇدۇلىقىغا كۆرسەتكەن ئىدى. ياڭ زېڭشىن قۇمۇلدىكى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىغا نىسبەتەن تېخىمۇ زەھەرلىك ئۇسۇللارنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ قولچوماقلىرىنى ئەۋەتىپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ سۇلھى قىلىدۇ. ياڭزېڭشىن ھىلە - مىكىر ئىشلىتىپ سۇلھى قىلغاندىن كېيىن تۆمۈر خەلپە ۋە قوزغىلاڭنىڭ يەنە بىر رەھبىري تۇرپان ئاستانىلىق مۆيدىن ئاخۇننى ئۈرۈمچىگە ئالداپ ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ياڭزېڭشىن تۆمۈر خەلپىگە يىڭجاڭلىق ۋەزىپىسى بېرىدۇ. تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىگە چىققاندىن كېيىن، روزى ھاجىم ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چىڭىتىش، ھوشيار بولۇش، ھەرقانداق ئىشتا ئومۇملىقنى نەزەردە تۇتۇشنى تاپشۇرىدۇ. لېكىن ھىيلىگەر سۇيىقەستچى ياڭزېڭشىن بىر تەرەپتىن روزى ھاجىمنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەش پالاتاسىنىڭ مۇئاۋىن يىجاڭى دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنى قۇمۇلدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىۋېتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن 1913 - يىلى 9 - ئايدا، خۇيزۇ باتالىيونىنىڭ باشلىقى مافۇشىڭغا (ماتىتەي) بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۆمۈر خەلپىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئىنقىلاۋىي زات مۆيىدىن ئاخۇنغىمۇ قارا چاپلاپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ.

روزى ھاجىم تۆمۈرخەلپىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ قۇمۇلدىن دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، ياڭ زېڭشىڭنىڭ قوزغىلاڭنىڭ داھىسىغا زىيانكەشلىك قىلغان جىنايىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى، ياڭ زېڭشىن ئاللىقانداق يالغان سۆزلەر بىلەن «بۇئىشتىن مېنىڭ قىلچە خەۋىرىم يوق، ۋەقەدىن كېيىن بىلىشىمچە، تۆمۈر ئەسكىرىي قىسمىنى باشلاپ ئىسيان كۆتىرىشكە تەمشەلگەندە سېزىلىپ قېلىپ مافۇشىڭ تەرىپىدىن نەق مەيداندائېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ» دەپ مەسئۇلىيەتنى مافۇشىڭغا ئىتتىرىپ قويۇپ، روزى ھاجىمدىن ئەپۇسورايدۇ.

روزى ھاجىم ئۈرۈمچىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ ئۆز يۇرتى قاغىلىققا قايتقاندىن كېيىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ئاكتىپ كۈچەيتىپ، خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. ئۇ مىللىي ھېسسىياتنى ئالماشتۇرۇش مەقسىدىدە خەنزۇ سودىگەرلەر ئاقساقىلى (شاڭزۇڭ) ياڭ جاۋجۇ بىلەن بىرلىكتە، نەنمىننىڭ سىرتىغا ئۇيغۇر، خەنزۇ تىجارەتچىلىرى بىرلىكتە تىجارەت قىلىدىغان ئۈستى يېپىق چوڭ بازار ياساشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۈستى يېپىق بازار پۈتكەندىن كېيىن «شەھەرئىچى» ۋە «شەھەر سىرتى» دېگەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي ئارازلىق ھەل قىلىندى.

روزى ھاجىم ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۇنى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ۋەكىلى دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاراپ، روزى ھاجىمنىڭ قوراسىنىڭ دەرۋازىسىغا «خەلق ۋەكىلى» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىپ قويىدۇ ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ياڭ زېڭ-شىن، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ روزى ھاجىغا شۇنچىلا ئېتىبار بېرىشى، يەرلىك خەلقنىڭ ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش خام خىيالىدا بولىدۇ. لېكىن روزى ھاجىنىڭ بارلىق ئىش ھەركىتى ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. مەسىلەن:

### (1) چەتئەل چېركاۋلىرى مەسىلىسىدە

چەتئەل چېركاۋلىرى ئەسلىدە جاھانگىرلارنىڭ دۆلىتىمىز خەلقىگە قارىتا مەدەنىيەت جەھەتتىن تاجاۋۇز يۈرگۈزۈشىنىڭ بىر خىل ۋاستىسى. فرانسىيىلىكلەر 1885 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا كاتولىزىم دىنىنى تارقىتىشقا باشلىغان. 1887 - يىلى ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا چېركاۋ قۇرغان؛ ئەنگلىيىلىكلەر 1896 - يىلى، ئۈرۈمچىدە «ئىنجىل ئىبادەتخانىسى» نى قۇرغان، شۋېدلار، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلاردىمۇ چېركاۋ سېلىپ دىن تارقاتقان؛ شۋېتسىيىلىكلەر 1904 - يىلى قەشقەردە خىرىستىيان چېركاۋىنى قۇرغان ھەمدە 1928 - يىلى سىۋېنخودىن تارىخىي - مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئوغرىلاش

ئۇچۇن 2 ـ قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە ياڭ زېڭشىننىڭ «قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقى» پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇمچىدە ھەدەپ ھەركەتلەنگەن. ئىشقىلىپ شىنجاڭدا ھەركەت ئېلىپ بارغانلىكى چەتئەل چېركاۋلىرى بىرتەرەپتىن ئامبولاتورىيە ئېچىپ داۋالاش ۋاستىسى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆزىگە تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، خەنزۇ قاتارلىق ھەرخىل يېزىقتىكى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ زەھەرلىك ئىدىيەلەرنى تارقاتقان. تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقىنى ئۇلار ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئىشپىيونلۇق، ئاغدۇرمىچىلىق ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەرلىك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالغان. ياڭ زېڭشىن، خەلقئەزىيان يەتكۈزىدىغان چەتئەل چېركاۋلىرىغا قارىتا مەيلىگە قويۇۋېتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قانۇنسىز ھەركەتلىرى بىلەن كارى بولمىدى.

روزى‌ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر چەتئەل جاھانگىرلىرىنىڭ دۆلىتىمىز تۇپرىقىدا خالىغانچە زوراۋانلىق قىلىشىنى خالىمىغانلىقتىن، چەتئەل چېركاۋلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەركەتلىرىنى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلدى. ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەشۋىق ئېلىپ بېرىپ يات دىنلارنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توستى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئادەم ئەۋەتىپ قايمۇققان پۇقرالارنىڭ چەتئەل چېركاۋلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. ئۇ يەنە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەت يېزىپ، ئۇلارنى جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا دىن تارقىتىش يولى بىلەن سىڭىپ كىرىشىنى توساش ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى. قەشقەر خەلقى روزى ھاجىمنىڭ تەشەببۇسىنى قوللاپ، ۋەتەنپەرۋەر زات ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇكېرىم خان مەخسۇملار باشچىلىقىدا چەتئەل چېركاۋلىرىنىڭ قەشقەر تەۋەسىدە دىن تارقىتىش، چېركاۋ سېلىش ھەركەتلىرىنى توستى.

## (2) باج ئېلىش مەسىلىسىدە

ياڭزىڭشىن دەۋرىدىكى باج، سېلىق چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى باج ـ سېلىقنىڭ ئۆزى ئىدى. باج ئىنتايىن ئېغىر، تۈرلىرى كۆپ ئىدى. جايلارنىڭ بېجى يەرلىك ھاكىم ئەمەلدارلار ياكى فېئودال باي ـ پومېشچىكلارغا كۆتىرىگە بېرىلگەن بولۇپ، باج يىغقۇچى زالىملارنىڭ خەلقنىڭ قان ـ تەرىنى شورىشىغا تېخىمۇ قولايلىق يارىتىلغان ئىدى. مەسىلەن: قەشقەرنىڭ باج، سېلىغى ئىبراھىم لوزۇڭغا كۆتىرىگە بېرىلگەن بولۇپ، ئىبراھىم لوزۇڭ بىر قانچە 10% قوشۇپ تۆۋەنگە چۈشۈرسە، قاتلاممۇ ـ قاتلام بەگ، مىڭبېشى ھەتتا ئونبېشىغا كەلگىچە بۇ باج نەچچە ھەسسە ئېشىپ يىغىۋېلىناتتى. ئەينى زاماندىكى ئېغىر باج، سېلىقلار ھەققىدە تۆۋەندىكىچە قوشاقلار يېزىلغان:

ئەگەر ئامبال ئالماق بولسا يۈز،
چىقىپ تۈگچى بىر يۈزنى ھەر يۈز.
بىگىم ئاڭلاپ ھەر يۈزنى قىلىپ مىڭ،
قىلىپ بۇ مىڭنى پاششاپلار بەلكى ئون مىڭ.

چىقارسا شەھەردىن سەھراغا پۈتۈكلەر،
پۈتۈكلەرنى ئېلىپ ماڭار ئاتى ئۈستىكلەر.
پۈتۈكنى كۆربان «كۆرۈپ»مىڭ باشى - يۈز باش
(يۈز بېشى)،
قىلاتتى بىرنى ئونھەتتاكى ئونباش(ئون بېشى).

يۇقىرقى مىسرالاردىن شۇزاماندىكى باج، سېلىقنىڭ نەقە-
دەر ئېغىرلىقىنى، باج يىققۇچى ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى
دەھشەتلىك ئېكىسپولاتاتسىيە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ. ئەنە شۇنداق پەيتتە قەشقەرلىق ئۆمەر باي ياڭ-
زىڭشىنغا نۇرغۇنلىغان سوغا، تارتۇقلارنى قىلىش ئارقىلىق
مەزكۇر باجنى ئىبراھىم لوزۇڭدىن بىر قانچە ھەسسە ئار-
تۇق تاپشۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ ئۆزىگە كۆتىرە بېرىشنى تە-
لەپ قىلىدۇ. ياڭزىڭشىن سوغا - سالاملارنى تاپشۇرۇۋال-
غاندىن كېيىن، باج يىغىش ھوقۇقىنى ئۆمەر بايغاكۆتىرىگە
بېرىشكە قوشۇلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان روزى ھاجىم دەر-
ھال توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۆمەر باينىڭ باجنى ئۆرلىتىپ
پايدا ئېلىش سۈيىقەستىنى ئېچىپ تاشلاپ قەشقەر خەلقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر قېتىملىق باج ئۆرلەش ئاپىتىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

### (3) مۇرەككەپ پۇل تۈزۈمى مەسىلىسىدە

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا شىنجاڭ-نىڭ پۇل تۈزۈمى ئىنتايىن قالايمىقان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئىشلىتىلىدىغان پۇل ئوخشىمايتتى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پۇلى شىمالىي شىنجاڭدا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ پۇلى جەنۇبىي شىن-جاڭدا ئۆتمەيتتى. پۇلنىڭ تۈرىمۇ كۆپ ئىدى. مەسىلەن: ئۈرۈمچىدە بىر سەرلىك كۈمۈش تەڭگە بار ئىدى. يەنە بىر سەرلىك تىزا (قەغەز پۇل)مۇ بار ئىدى. بۇ 400 داچەنگە تەڭ كېلەتتى (10 داچەن بىر تومپۇر(تىت-يىن) غا، بىر داچەن ئىككى سىبىرىق ياماققا ئۆتەتتى). قەغەز پۇلنىڭمۇ بىر قانچە تۈرى بار ئىدى. بىر خىلى «كۇۋازا»، بىر خىلى «شىڭ پىياۋ» دەپ ئاتىلاتتى. يەنە ئاق دابۇغا بېسىلغان «ياغ تىزا» دېگەن پۇلمۇ بولۇپ، 10 دانىسى بىر سەر قەغەز پۇلغا ئۆتەتتى. بۇنىڭدىن سىرت بەزى سودا فىرمىلىرى ۋە بايلارنىڭ ئۆزى بېسىپ تارقات-قان چوكا پۇل (بامبۇككا خەت ئويۇپ قويغان پۇل) نىڭ بىرى بىر مىسقال بولۇپ، 10 دانىسى بىر سەر كۈمۈش تەڭگىگە باراۋەر كېلەتتى، يۇقىرقى پۇللار پەقەت ئۈرۈم-چىدىلا خەجلىنەتتى، باشقا جايلاردا ئۆتمەيتتى.

قەشقەردە بىر سەر، 5 مىسقال، 3 مىسقال، 2 مىسقال، بىر مىسقاللىق «زەربى كاشغەر» دېگەن خەت بېسىلغان تەنگە پۇل ۋە «خاپىيوۋ» (قەشقەر تىزىسى 喀票) دېگەن تىزا پۇل بولۇپ قەشقەردىلا خەجلىنەتتى، ئۈرۈمچى پۇلى بىلەن قەشقەر پۇلىنىڭ قىممىتىمۇ ئوخشىمايتتى. قەشقەر-نىڭ بىر سەر پۇلى ئۈرۈمچىنىڭ 3 سەر، بەك تۆۋەن بول-غاندا 2 يېرىم سەرگە توغرا كېلەتتى.

شىمال بىلەن جەنۇپ يەنى ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەر-نىڭ پۇللىرى ئۆزئارا ئۆتمىگەنلىكتىن سودا ـ سانائەت مال-لىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ئىنتايىن قولايسىز ئىدى. قەشقەر-نىڭ سودىگەرلىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ تىجارەت قىلغاندا ئۈرۈمچىنىڭ پۇلىنى قەشقەرگە ئېلىپ كېتەلمەيتتى، ئۇلار بۇ پۇللىرىنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا تاپشۇرۇپ، ھۆ-كۈمەت 6 ئاي ياكى بىر يىلدا بىر قېتىم قەشقەرگە پۇل يېرىۋوت قىلغاندىلا ئاندىن ئالالايتتى. شۇڭلاشقا شەخسلەر-نىڭ پۇلى ھۆكۈمەت مالىيىسىدە تۇراتتى. ياڭ زېڭشىن ئەينى ۋاقىتتىكى پال تۈزۈمىنىڭ يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى قۇرۇلۇشى ۋە خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن قولايسىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ بۇ خىل ناچار ئىللەتلەر بىلەن كارى بولمىدى، ئىسلاھ قىلىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى. روزى ھاجىم بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرۇپ، زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ جەنۇبىي شىنجاڭ سودىگەرلى-رىنىڭ بۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بۇ مەسىلىنى ئۇ تۆۋەندىكىچە ھەل قىلدى: جەنۇبىي شىنجاڭ سودىگەرلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆز ماللىرىنى سېتىپ تاپقان ئۈرۈمچى پۇلىنى، قەشقەر، خوتەن تاپشۇرىدىغان باج ھېسابىدا ئۈرۈمچى مالىيە ئىدارىسىغا تاپشۇرىدۇ. مالىيە ئىدارىسى سودىگەرلەرگە تالون يېزىپ بېرىدۇ. سودىگەرلەر قەشقەرگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن شۇ تالونغا ئاساسەن قەشقەرنىڭ باج، سېلىقىنى كۆتىرىگە ئالغان ئادەمدىن تېگىشلىك قەشقەر پۇلىنى ئېلىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سودىگەرلەرنىڭ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنىپلا قالماستىن، ماددى مال ئالماشتۇرۇش كېڭەيدى.

### (4) مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە:

ياڭ زىڭشىن ئىزچىل تۈردە «ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئىدارە قىلىش»تىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل مىللىي سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دوستانە ئالاقىسىغا ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ كەلگەن ئىدى. روزى ھاجىم ھەر قايسى مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ دوستانە بېرىش - كېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ، ھەر قانداق سورۇندا سۆز قىلغاندا «دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر ئائىلە، ھەر قايسى مىللەت ئۆز مىللىتىنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا مىللەتلەرنىڭ

مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى ھەرگىز قىلماسلىقى لازىم» دەيتتى. ھەر قېتىملىق ھېيت- بايراملاردا خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ھېيت- لاپ بېرىپ، تەبرىكلەيتتى ھەمدە كەمبەغەل خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت ئائىلىلىرىگە قوي گۆشى، قوي مېيى ئەۋەتىپ بېرىپ ئۇلاردىن ئەھۋال سورايتتى. كىشىنى تەسىرلەندۇرىدىغىنى شۇكى، بىر يىلى نەنگۇەندىكى بىر ئۆيغۇرسودىگەرنىڭ دۇ- كىنىغا ئوت كەتكەندە، شەھەرئىچىدىكى خەنزۇ خەلقى تەشكىللە- گەن ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كې- لىپ ئوتنى ئۆچۈرىدۇ. ئەتىسى روزى ھاجىم ئۆز ئۆيىدىكى ئاقسۇنىڭ ئېسىل گۈرۈچىۋە بودىغان قازاق قويىدىن 4نى ئېلىپ ھەمدە قاسساپ، ئاشپەز ۋە ئوت كەتكەن دۇكاننىڭ ئىگىسىنى باشلاپ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە بېرىپ ئوت ئۆچۈرۈشكە قاتناشقان خەنزۇ قېرىنداشلاردىن سەممىي ھال سورايدۇ. روزى ھاجىم بىلەن ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى- نىڭ باشلىقى خەن كۆپچىلىككە ھەمرا بولۇپ بىر تەرەپتىن تائامىيسە، بىر تەرەپتىن قىزغىن سۆھبەتلىشىدۇ. بۇ قىزغىن كەيپ- ياتقا تولغان جانلىق مەنزىرە كىشىگە ئىناق بىر ئائىلە كىشى- لەرنى ئەسلىتىدۇ.

**(5) جەمئىيەت كەيپىياتىنى ياخشىلاش مەسىلىسىدە:**

روزى ھاجىم ياڭ زېڭشىنغا كۆپ قېتىم جەمئىيەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خەلقنى زەھەرلەيدىغان پاھىشەخانا، قىمارخانا، ئەپيۇنخانا، نەشىخانىلار قاتارلىق جايلارنى تۈگىتىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ياڭ زېڭشىن پەسەنت قىلمىغانلىقتىن ئۇ-رۇمچىنىڭ نەچچە ئون يىلىدە بۇ خىلدىكى جەمئىيەت كەي-پىياتىنى بۇزىدىغان ناچار ئورۇنلار بولۇپ، قالاقلىق، پەسكەشلىك ھەركەتلىرى ئەۋج ئالغان ئىدى. لېكىن روزى ھاجىم بۇنىڭ بىلەن كۆرەشتىن توختاپ قالمايدۇ. ئۇ ئال-دى بىلەن ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى نوپۇزلۇق ئەرباپلاردىن تۇرمۇشتا چىرىكلەشمەسلىكنى خەلقنىڭ مەن-پەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان يامان ئىش، ناچار ئىستىل-لارنى تۈسىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چەت يۇرتلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر ياكى يولۇچىلاردا بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، ئۇ، دىنىي ئۆلىمالىق سالاھىيىتى بىلەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىدۇ، ئەگەردە ئۇلار يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمىسا ئۇلارنىڭ دەسمايىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى قۇرۇق قول يولغا سالغاندىن كېيىن، ماللىرىنى سېتىپ پۇلنى يۇرتىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. روزى ھاجىمنىڭ بۇ تەدبىرىبىر قىسىم كىشىلەرنى يامان ئىشلاردىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزىدىغان ناچار ئادەت - ئىستىللارنى توسىدۇ.

**(6) يەرلىك ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىدە:**

روزى ھاجىم شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش-

جەھەتتە كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. 1910 ـ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ چەتئەللەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان ئىدى. شىنجاڭ سودىگەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى ئارقىلىق روسىيىنىڭ چوڭ ـ كىچىك شەھەرلىرىگە بېرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى، ھەتتا ئوتتۇرا شەرقنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە باردى. شىنجاڭ سودىگەرلىرى بۇ جەرياندا چەتئەلنىڭ سانائەتلىشىش تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى. مەسىلەن: شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن شىنجاڭ تاشقى سودىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ھۇسەيىن باي ئىلىدا تېرە ـ خۇرۇمچىلىق زاۋۇتى قۇرۇشنى ئويلاپ روزى ھاجىمغا مەسلىھەت سالىدۇ. روزى ھاجىم بۇنى قوللاپلا قالماستىن بەلكى ياڭ زېڭشىنغا خىزمەت ئىشلەپ ئۇنى بۇ ئىشنى قوللاش ۋە ھۆكۈمەتتىن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشكە كۆندۈرىدۇ. نەتىجىدە ئۆزى كېپىللىك قىلىپ ھۇسەيىنبايغا ئۆلكەغەزىنىسىدىن 100 مىڭ سەر كۈمۈش قەرز ئېلىپ بېرىدۇ ھەمدە زاۋۇت قۇرۇلۇشى، ئۈستاـ نوك ـ زاپچاسلارنى سېتىۋېلىش، يۆتكەش، قۇراشتۇرۇش جەھەتلەردە زور كۈچ بىلەن ياردەم قىلغاچقا، زاۋۇت قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىدۇ. 1923 ـ يىلى مىللىي ۋە خەنزۇ سودىگەرلەرنىڭ ئاقسا قاللىرىدىن (شاڭزۇڭ) روزى ھاجىم بىلەن ياڭ شاۋجۇ بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ شىنجاڭدا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن بۇنىڭغا سوغاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پوزىتسىيە تۇتىدۇ ۋە بۇ ئىشنى ئارقىغا سۆرەيدۇ. كېيىن ھەر ساھەدىكى ئەرباپلار بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ بۇ ئىشنى يەنە سۆيلىگەندىن كېيىن، ياڭ زىڭشىن فابرىكىنىڭ تەييارلىق پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پىلاندا، فابرىكا ئۈچۈن چىقىم قىلىنىدىغان خىراجەت بىر مىليون سەر ئۆلكە پۇلى بولۇپ (بۇ 400 مىڭ سەر كۈمۈشكە توغرا كېلەتتى)، بۇنىڭ يېرىمىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چىقىرىش، قالغان يېرىمىغا فابرىكا قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار مەسئۇل بولۇپ پاي قىلىپ خەلققە قويۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. روزى ھاجىم ئالدى بىلەن 25 مىڭ سەر پاي قوشىدۇ ھەمدە ھەر ساھەدىكى زاتلارنى پائال ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن 200 مىڭ سەر پاي تېزلا يىغىلىدۇ. ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن 1926 - يىلى، ھازىرقى خەلق باغچىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە فۇمىن توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ 1928 - يىلى، قۇرۇلۇش پۈتۈپ رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىدۇ. 200 دەك ئىشچى - خىزمەتچىسى بولغان بۇ فابرىكا 1933 - يىلى ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىگە 2 - قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ.

### (7) يەرلىك مائارىپنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىدە:

ياڭ زىڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەلقنى جا-

ھالەتتە قالدۇرۇش، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ھۆكۈمرانلىق قى-
لىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى
مەزگىللىرىدە ئېچىلغان ھەر خىل مەكتەپلەرنى تاقىۋەتتى.
خەلق بۇنىڭغا قەتئىي قارشىلىق قىلغانلىقتىن كېيىنچە زو-
مۇ - زو بىر نەچچە مەكتەپنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولدى.
بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغىنى خەنزۇ مەكتەپلەر بولۇپ، مىللىي
مەكتەپلەر قايتا ئەسلىگە كېلەلمىدى. ئۇ يىللىرى ئۈرۈمچى-
دە خەلق باشقۇرغان مەكتەپلەردىن گەرچە بىر نەچچىسى
بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنى مەكتەپ دېگۈچىلىكى يوق ئىدى.
ئۇنىڭ بىر خىلى مەسچىتلەردە ئېچىلغان دىنىي سىنىپلار
بولسا، يەنە بىر خىلى چەتئەل سودا فىرمىلىرى ئاچقان
مەكتەپ بولۇپ مەخسۇس مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى
تارقىتاتتى. روزى ھاجىم ياڭ زىڭشىنغا كۆپ قېتىم: «بىز
جۇڭگولۇق، ياش ئۆسمۈرلىرىمىز ئازراق بولسىمۇ جۇڭگو-
نىڭ بىلىمىنى ئۆگىنىشى لازىم» دەپ تەكلىپ بەرگەن
بولسىمۇ، بىراق جاھىل، چىرىكلەشكەن ياڭزىڭشىن بۇنداق
ھەققانىي سادالارنى قانداقمۇ ئاڭلىسۇن؟
روزى ھاجىم ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ مەكتەپ ئېچىش
قارارىغا كېلىدۇ. 1921 - يىلى ئۈرۈمچى نەنگۈەندىكى
چوڭ مەسچىت (بۇ مەسچىت ئەسلىدە خېلى بۇرۇنلا جامائەت
تەرىپىدىن سېلىنغان بولۇپ ئەسلى دەرۋازىسى ھازىرقى
بانكا قورۇلۇشى بىلەن مەسچىت ئارىلىقىدىكى كونا يولدا
ئىدى)نىڭ دەرۋازىسىنى چوڭ يولغا يۆتكەپ، ئەسلىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەرۋازا ئورنىغا 2 قەۋەتلىك ئىمارەت سېلىپ بىر مەكتەپ ئاچىدۇ. بۇ مەكتەپ دەسلەپتە «تورانى»، كېيىن «ئەختە-رىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەكتەپ جەدىدىيە بولۇپ دىنى مەكتەپلەرگە ئوخشىمايتتى، گىراماتىكا، ئىلمى تەجۋىد، ئىلمى ھېساب، جۇغراپىيە، ئانا تىلى، تارىخ، روس تىلى، رەسىم، تەنتەربىيە، ناخشا قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇتىلىدۇ. مۇئەللىملەر ئابدۇخالىق زادە، نۇرىدىن ئەپەندى، شەمشى-دىن، پەرىدىن قاتارلىقلار ئىدى. شۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن ھازىر ئۈرۈمچىدىكى 80 ياشتىن ئاشقان باقى ئاخۇن تۇردى ئوغلى ئۇنىڭ جانلىق گۇۋاچىسى.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت روزى ھاجىم يەنە خەلق ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن. مەسىلەن: كور-لا، ماناس كۆۋرۈكىنى سېلىش ۋاقتىدا ھۆكۈمەتكە ئالاھىدە تەكلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ سادىق كاسسى-رى ھەزىم ئاخۇننى ئىقتىسادىي مەسىلىنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن نازارەتچى قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۈرۈمچىدىكى يېڭى مەھەللە، كونا نەنمىڭدىكى كۆۋرۈكلەرنى ئۆز ئىقتىسادى بىلەن ياسىغان. كونىلارنىڭ كۆپ تەرىپلىشىچە روزى ھا-جىم چوڭ ساخاۋەتلىك كىشى بولۇپ، نەزىر، ھوشۇر - زا-كاتلارنى مىللەت ئايرىماستىن كەمبەغەللەرگە بەرگەن، مۇ-تەئەسسىپ موللىلارنىڭ ئۇنىڭ ھەركىتىگە قارشى توقۇغان تۈرلۈك پەتىۋالىرىنى بۇزۇپ تاشلىغان.

روزى ھاجىم 1927 - يىلى ياڭ زېڭشىن ئۆلۈشتىن

بىر يىل ئىلگىرى ھەج تاۋاپ قىلىپ ھاجى بولغان. 1928 - يىلى، ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ ئۆلكىلىك كېڭەش پالاتاسىنىڭ مۇئاۋىن يىجاڭلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتەپ كەلگەن. شۇ يىلى 8 - ئايدا جىن شۇرىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ياڭزېڭشىندىنمۇ بەتتەرلىشىپ دېھقانلار قولىغا ئۆتكەن يەرلەرنى ۋاڭ، گۇڭلار قايتۇرۇپ بېرىشنى يولغا قويغانلىقتىن قۇمۇل خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. ھۆكۈمەتكە قارشىلىق كۆپىيىدۇ. روزى ھاجىم ۋاڭ، گۇڭلۇق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشتە چىڭ تۇرغانلىقتىن جىن شۇرىن بىلەن پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلۇپ زىددىيەت كۈچەيگەنلىكتىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

1932 - يىلى روزى ھاجىم 62 يېشىدا ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتى «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن تەختكە چىققان شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان ئىدى. 1946 - يىلى 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق بىتىمگە ئاساسەن مۇسادىرە قىلىنغان مۈلۈكلەر قايتۇرۇلغاندا، روزى ھاجىمنىڭ مال - مۈلكىنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا قايتۇرۇلغان. قايتۇرۇلغان بۇ مۈلۈكنىڭ كۆپ

قىسمىنى ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ئۇرۇمچى يوللىرىنى ياساش، ئامبىرىنىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە، ئىئانە قىلدى. قالغان ئاز قىسمىنى لىچۈن سانائەت شىركىتىگە پاي قوشقان. ھازىر ئۇرۇمچىدە روزى ھاجىمنىڭ رەپىقىسى، ئالىي مەلۇماتلىق ئوغۇل قىز، نەۋرە، چەۋرىلىرى بار.

مەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات كومىتېتىنىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن، روزى ھاجىمنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ياخشى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن نۇرغۇن ئىزلەندىم. ئەھۋالنى بىلىدىغان كىشىلەرنى زىيارەت قىلدىم. بۇ جەرياندا روزى ھاجىمنىڭ يېقىن ئادىمى، ياڭ جىنلارنىڭ تەرجىمانى مەرھۇم ناسىر ھەسەن (ناسىر بەگ)، شىڭ شىسەي قوغۇلىرىدىن بەكرى قۇگەن (قازا قىلدى)، شۇ روزى ھاجىم (قازا تاپتى)، خەنزۇ پىشقەدەملەردىن جاۋ جەنخۇڭ شۇنىڭدەك پىشقەدەم باقى ئاخۇن ئاكىلاردىن روزى ھاجىم توغرىسىدا مەلۇمات ئالدىم.

پىشقەدەم جاۋ جەنخۇڭ روزى ھاجىمنى تەرىپلەپ مۇنداق دېدى: «مەن 90 دىن ئاشتىم، كۆپ ئادەملەرنى ئۇچراتتىم. بىراق روزى ھاجىمدەك ئادىل، ئەقىل - پاراسەتتە تاكامۇللاشقان، ۋەتەن، خەلقنى سۆيىدىغان كىشىنى كەم ئۇچراتقان». بۇ بىر قاتار ئىزلىنىشلەر ئارقىلىق مەن روزى ھاجىمدەك ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار زاتقا ئۇرۇمچى تارىخىدىن ئورۇن بېرىش لازىملىقىنى، بولۇپمۇ شىنخەي

ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخىدا ئۇنىڭ پارلاق ئىش ئىز-لىرىنى كىرگۈزۈش لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

〔 قوشۇمچە 〕

## ناسىر ھەسەننىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ناسىر ھەسەن (ناسىر بەگ) 1891 - يىلى كورلىدا تۇغۇلغان. 1902 - يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولۇپ، 1902 - يىلىدىن 1908 - يىلىغىچە خەنزۇ مەكتەپتە (شۆتاڭ-دا) ئوقۇغان، كېيىن ئۆزلۈكىدىن موڭغۇل تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن. 1910 - يىللارغىچە قاراشەردىكى موڭغۇل ۋاڭغا تەرجىمان بولغان. ئۇ ۋاڭ ئوردىسىدا تەرجىمانلىق قىلىپ يۈرگەندە ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئاقسا-قىلى (شاڭزۇڭ) روزى ھاجىم بىلەن بىر قانچە رەت ئۇچ-رۇشۇپ ئىلغار ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. 1911 - يىلى ئىنقىلاۋىي پارتىيە خادىمى ليۇشەنجۈڭ بىلەن روزى ھاجىم ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتكە تەرجىمانلىق قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن روزى ھاجىم ئۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قې-لىپ ئۆزىگە تەرجىمان قىلىۋالغان.

1912 - يىلى 1 - ئايدا، ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ قوزغىلاڭچى ئارمىيىسى شەرققە يۈرۈش قىلىپ جىڭغا كەل-گەندە، ناسىر بەگ، ئابلاخۇن دېگەن كىشى بىلەن بىرگە شىنخەي ئىنقىلاۋىنى قوغدىغۇچى ئۈرۈمچىدىكى روزى ھاجىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشچىلىقىدىكى جاما ئەتچىلىكتە ۋەكىل بولۇپ ھال سورا
بۇيۇملىرىنى ئېلىپ شىخۇغا بارغان (يەن داخۇانىڭ قوشۇ-
نى توسۇۋالغانلىقتىن ئىنقىلاپچىلار بىلەن ئۇچرىشالمىغان).
ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن روزى ھاجىمنىڭ
تونۇشتۇرۇشى بىلەن ياڭ زېڭشىنغا تەرجىمان كېيىن فۇگۇەن
بولغان.

1912 - يىلدىن 1917 - يىلغىچە ئۆلكىلىك كېڭەش
پالاتاسىدا ئىشلىگەن ۋە روزى ھاجىمنىڭ مەخسۇس تەر-
جىمانى بولغان. 1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ياڭ
زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈپ جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن،
1928 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە جىن شۇرېنغا فۇگۇەن ۋە
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە
بولغان. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، يەنى 1933 - يىل-
دىن 1938 - يىلغىچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىدە
شاۋشاۋ دەرىجىلىك فۇگۇەن بولغان، كېيىن جۇڭشاۋ، شاڭ-
شاۋلىققا ئۆستۈرۈلگەن. 1938 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە
شىنجاڭ مۇسادىرە ھەيئىتىدە ئىشلىگەن. 1939 - يىلدىن
1940 - يىلغىچە مۇسادىرىنى ئېنىقلاش ھەيئىتىدە ئىشلە-
گەن. 1940 - يىلدىن 1941 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك
بانكىنىڭ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى ھەم مۇسادىرىنى قايتۇ-
رۇش ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1941 - يىلى شېڭ شىسەي
تەرىپىدىن تۈرمىگە سولانغان. 1945 - يىلى تۈرمىدىن
چىققاندىن كېيىن 1946 - يىلغىچە ئۈرۈمچى يەرلىك مەھ-

-ۇلاتلار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن جىڭلىيىسى بولغان. 1946 - يىلىدىن 1953 - يىلى 7 - ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1953 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەر-لىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باش سودىيە، كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1979 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن 88 يېشىدا ئۈرۈمچى-دە ۋاپات بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭدىكى خۇيزۇلار

## ماشىيىڭ

### (1)

خۇىسى - خۇيلار① قىسقارتىپ خۇيزۇ دەپ ئاتىلىدۇ. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى نوپۇسى تەخمىنەن 6 مىليون 400 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە نوپۇسى نىسبەتەن كۆپ، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيىتى بىر قەدەر تەرەققى قىلغان مىللەت. خۇيزۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) ۋە كۆپلىگەن ناھىيە (شەھەر)لىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك تارقالغان بولۇپ، ئاساسەن خەنزۇلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان. مەيلى شەھەر ياكى يېزىلاردا بولمىسۇن، ھامان مەھەللە، كەنتلەرگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. نىڭشيا، شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، يۈننەن، سەندۇڭ، شىنجاڭ، بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق جايلار خۇيزۇلار نىسبەتەن كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان رايونلار بولۇپ، بۇ رايونلاردىكى خۇيزۇلار پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئۈچتىن بىر

قسمىغا يېقىنراقىنى تەشكىل قىلىدۇ.
خۇيزۇ مىللىتى دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن بىرگە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتقان. خۇيزۇ خەلقى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەپ قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات، پەلسەپە، سەنئەت، ئاسترونومىيە، يىلناما، تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك، بىناكارلىق قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇھىم تۆھپىلەر قوشقان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇيزۇ ئاسترونوم جامالىددىن تۈزۈپ چىققان كۆپ يىللىق كالىندار (خۇيزۇ يىلنامىسى دەپمۇ ئاتالغان) يۈەن سۇلالىسىنىڭ 4 - يىلى (مىلادىنىڭ 1267 - يىلى) پۈتۈن مەملىكەتكە ئېلان قىلىپ قوللىنىلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ يىلناما تارىخىدا 400 يىلغىچە يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگەللەپ كەلگەن. ئۇ ئىجات قىلغان 7 تۈرلۈك ئاسترونومىيە ئۈسكۈنىلىرى، ئىلگىرى ئاسترونومىيە ساھەسىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان. يۈەن سۇلالىسى پايتەختىنىڭ قۇرۇلۇش لايىھىلىرىنى بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئەتكارى ئەختەرىدىن لايىھىلىگەن بولۇپ، بېيجىڭنىڭ كېيىنكى شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى. شۇ دەۋردە ئۆتكەن باھاۋۇدۇن، مەيلۈي، جامالىددىن، ماجۇگاۋ، گاۋكېگۇڭ، شەنسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى داڭلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شائىر، دراماتور، رەسسام، تارىخشۇناسلار. ئۇلارنىڭ كۆپ-لىگەن ئەسەرلىرى تا بۈگۈنگىچە تارقىلىپ كېلىپ ۋەتىنى-مىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت غەزىنىسىنى بېيىتتى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇچۇەنىڭ خۇيزۇ لى جىڭ دۆلىتىمىز-نىڭ ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئىدىيىۋى تارىخىدا مۇھىم ئو-رۇننى ئىگەللەيدۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ ئاممىنىڭ قىز-غىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. يۈننەن كۈنياڭلىق جېڭ-خې مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلو 3 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 1405-يىلى) دىن شۈەندې 8 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 1433 ـ يىلى)غىچە بولغان 29 ـ يىل جەريانىدا غەربىي ئوكيانغا قىلغان 7 قېتىملىق سەپىرىدە ئاسىيا، ئافرىقىدىكى 30نەچ-چە دۆلەتنى زىيارەت قىلىپ، دۆلىتىمىز بىلەن بۇ دۆلەت-لەر ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش، دوستلۇق ۋە ئىقتىسات ـ مە-دەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى جىن ئالى، مىساھىدىن، ئابدۇللا، جىن داچې، جىن دايۈي، ماجىلۇڭ، شەنجىدى قاتارلىقلار-نىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتىكى ئاسترونومىيە، يىلناما، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق ساھەلىرىدە تۆھپە ياراتقان ئاتاقلىق كىشىلەر. چىڭ سۇلالىسى دەۋرى-دە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى، ئىسلام قانۇنى قاتارلىق خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇرغۇن ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسەرلەر دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنىي تەتقىقاتىدا خېلىلا تەسىر كۆرسەتتى. ماشى-

جۇن، دىڭ پېڭ، جياڭ شياڭئەن، سۇن پېڭ قاتارلىقلار-
مۇ شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى تۆھ-
پىكارلاردۇر.

خۇيزۇ مىللىتى دۆلىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە
ئوخشاش ئەمگەكچان، باتۇر، شانلىق ئىنقىلاۋىي ئەنئە-
نىگە ئىگە مىللەت. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا خۇيزۇ
خەلقى خەنزۇلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان دېھقانلار قوز-
غىلىڭىغا ئاكتىپ قاتناشتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى
مەزگىلىدىكى دېھقانلار چوڭ قوزغىلىڭىدا شەنشىنىڭ شىما-
لىي سۈيدېدىكى ماشۈيىڭنىڭ كۆچى ئەينى ۋاقىتتىكى 13
سەردار 72 يىڭنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق كۈچنىڭ بىرى
ئىدى. ئۇلار لى زىچىڭ بىلەن مۇرىنى - مۈرىگە تىرەپ
كۆرەش قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى-
گە سەۋەپ بولدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان
دەۋردە خۇيزۇ خەلقى، مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى ۋە خەنزۇ
چوڭ‌ئىشىكلار سىنىپىنىڭ مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى
بىر يۈرۈش كۆرەشلەر ئېلىپ باردى. غەربىي جەنۇپ
رايونىدىكى دۇۋېنشۇ، شەنشى رايونىدىكى ماسىگىيەن،
ماجىنخې، ياڭۋېنجېڭ، بەي‌يەنخۇلار ۋە گەنسۇ - نىڭشيا
رايونلىرىدىكى ماخۇالۇڭ، ماۋېنيى، ماگۇييۈەن، ما بىنيۈەن،
ماۋېنلۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خۇيزۇ خەلقىنىڭ چىڭ
سۇلالىسىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ ئاتاقلىق
داھىلىرىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شىنخەي ئىنقىلاۋى، «4 ـ ماي» ھەركىتىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خۇيزۇ خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرىشى يېڭى تارىخىي دەۋرگە كىردى. خۇيزۇ خەلقىنىڭ قەھرىمان پەرزەنتى ئىنقىلاۋى قۇربان ماجۇن، گولۇڭجېنلار «4 ـ ماي» ھەركىتىدىكى جەسۇر ياش داھىلاردۇر. چوڭ ئىنقىلاپ مەزگىلىدە نۇرغۇنلىغان خۇيزۇ خەلقى ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشتى. 1935 ـ يىلى، قىزىل ئارمىيە ئۆزۈن سەپەردە خۇيزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن ئۆتكەندە مىڭلىغان خۇيزۇ ياشلىرى قىزىل ئارمىيىگە ئەگىشىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن شىمالغا يۈرۈش قىلدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، خېبېي، شەندۇڭ، شەنشى، گەنسۇقاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇ خەلقى پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە ياپونغا قارشى قوراللىق كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قوتقۇزۇش جەمئىيىتىنى تەشكىللىدى. خېبېينىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى خۇيزۇلار قوشۇنى ۋە بوخەي خۇيزۇلار قوشۇنلىرى خەلق قىزغىن سۆيىدىغان ياپونغا قارشى قوراللىق كۈچلەردۇر. خېبېينىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى خۇيزۇلارقوشۇنىدىكىمابىنزەي، 6 يىل ئىچىدە ياپون قاراقچىلىرى بىلەن 870نەچچە قېتىم ئېلىشىپ، ياپون ئالۋاستىلىرى ۋە قورچاق قوشۇنىنىڭ 36 مىڭ 700 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇلۇغ ئۇرۇشى تارىخىدا

پارلاق سەھىپە يېزىپ قالدۇردى. 1944 - يىلى مابىنزەي كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن رەئىس جۇئىنلەي تەزىيە بىلدۈرۈپ ئەۋەتكەن گۈلچەمبىرەككە: «مىللىي قەھرىمان، پارتىيىمىزنىڭ جەڭچىسى»، باش قوماندان جۇدې ئەۋەتكەن گۈلچەمبىرەككە «قەتئىي ئىرادىلىك، خۇيزۇ، خەنزۇ ھەرمىللەتنىڭ ئۆلگىسى، ئانا-بالا ئىككى ئەۋلات قەھرىمانىنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات» دەپ يېزىلغان.

1949 - يىلى، يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، خۇيزۇ خەلقى ئۆزۆل - كېسىل ئازادلىققا ئېرىشتى. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى پائال يۈرگۈزدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، گەنسۇ لىڭشا ۋە شىنجاڭ سانجىدىن ئىبارەت 2 خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاست شۇنىڭدەك 6 خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى (شىنجاڭ قاراشەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، گەنسۇ چىڭشۈي خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، چىڭخەي مېنيۈەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، خۇالۇڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، گۈيجۇ ۋېينىڭ يىزۇ، خۇيزۇ، مياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، يۈننەن ۋېيشەن يىزۇ، خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى) قۇرۇلدى. خۇيزۇلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئاپاراتلىرىغىمۇ خۇيزۇلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا پۈتۈن مەم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىكتىمىزدىكى كەڭ خۇيزۇ خەلقى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ پۇتۇن ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى تەقـدىم قىلدى.

(2)

خۇيزۇ مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مىلادى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئىسلام دىـنىغا ئېتىقات قىلىدىغان كۆپلىگەن ئەرەپ ۋە پارىسلار جۇڭـگوغا كېلىپ سودا بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دېڭىز يولى ئارقىلىق گۇاڭجۇ، جۈچۈەن، ياڭجۇ، خاڭجۇغا، بەزىـلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭ ئارقىلىق قەدىمىي يىپەك يولىنى بويلاپ چاڭئەن قاتارلىق جايلارغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگودا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 13 ـ ئەسىرـنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى بىر بۆـلۈم ئەرەپ، پارس، تۈرك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرنى جۇڭگوغا كۆـچۈپ كېلىشكە مەجبۇر قىلغان. بۇ كىشىلەر ئاساسەن قايتىپ كەتمىگەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئەمەلدار، لەشكەر قاتارلىقلارمۇ ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان. يۇقىرقى ئادەملەر شۇ جايدىكى يەرلىك خەنزۇ، موڭغۇل قاـتارلىق مىللەتلەر بىلەن قويۇق ئېقتىسات، مەدەنىيەت ئالـماشتۇرۇش ۋە ئۆز ئارا قىز بېرىپ قۇدىلىشىش قاتارلىق

مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، يۇەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پەيدىن - پەي قوشۇلۇش نەتىجىسىدە يېڭى بىر مىللەت — خۇيزۇلار شەكىللەنگەن. 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 300 يىل ئىچىدە خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى تېز تەرەققىي قىلغان. خۇيزۇلارنىڭ دېھقانچىلىق، سودىنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئولتۇراقلاشقان رايونى جەھەتتىكى «چوڭ چېچىلىش، كىچىك توپلىشىش» ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدەك ئۇنىڭكېلىش مەنبەئى، سىياسىي مۇھىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئورتاق روھىي ھالەتكە ئىگە بولغان مىللەت ئېڭى تولۇق شەكىللەنگەن. خەنزۇ تىلى خۇيزۇلارنىڭ ئورتاق تىلى.

شىنجاڭ رايونىدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئاز سانىدىكىسى يۇەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا «بوز يەر ئېچىش، چارۋا بېقىش» قا ئەۋەتكەنلەر بولغاندىن سىرت (ھازىرقى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، فۇكاڭ ناھىيىسى ئەينى ۋاقىتتا باشتىن - ئاخىرخۇيزۇلارنىڭ مۇھىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئىدى) كۆپ قىسمى چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى خۇيزۇلارغا قارىتا كەمسىتىش، ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىش سىياسىتىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىن مەجبۇرى كۆچۈپ كەلگەنلەر. چىيەنلۇڭ خان ۋاقتىدا گەنسۇ تەۋەسىدىكى خۇيزۇ ئاھالىلىرى «چېگرا رايوندا بوز يەر ئېچىش» نامىدا شىنجاڭغا كوللېكتىپ كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى نوپۇس مەلۇماتىغا قارىغاندا، پەقەت گەنسۇدىنلا ئۈرۈمچىگە 20 مىڭدىن ئارتۇق خۇيزۇ كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان، داۋانچىڭغا 500 نوپۇس ماكانلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خۇيزۇلار ئىچىدىكى «جىنايەتچى»لەر ئىلى قاتارلىق چەت رايونلارغا ئەۋەتىلگەن. تۇڭجىڭ، گۇاڭشۈي يىللىرىدا شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي خۇيزۇلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بەي يەنخۇ، ليۇسيۇلار قېپقالغان نەچچە مىڭ خۇيزۇ قوشۇنىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن. كېيىن گەرچە بەي يەنخۇ بىر بۆلۈم ئادەملىرىنى چاررۇسىيىگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپىنچىسى بارغاندىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەن. ليۇسيۇ چىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشۇنى قورالسىزلاندۇرۇلۇپ قايدۇ دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا «بەي يەنخۇ قالايمىقانچىلىقىدا ئىچكىرىدىكى خۇيزۇلاردىن مەجبۇرى ئۆزماكانىدىن ئايرىلغانلار نەچچە يۈز تۈتۈن»، «ئەرلەر 2200 دىن ئارتۇق، ئاياللار1600 دىن ئارتۇق»، «قايدۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى خۇيزۇ كەنتىدىكى خۇيزۇلار 3 - 4 يۈز تۈتۈن، بۇلار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇي 29 - يىلى (مىلادىنىڭ 1903 - يىلى) بۇچاڭ شەھرىدىن كۆچۈپ كەلگەن، شىنىڭدا تەسلىم بولغان خۇيزۇلار» دەپ خاتىرلەنگەن. بۇنىدىن تاشقىرى، 1928 - يىلى گەنسۇنىڭ گۇيەن رايونىدا يۈز بەرگەن قاتتىق يەر تەۋرەش، شۇنىڭدەك گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي رايونلىرىدىكى يېڭى - كونا دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق توقۇنۇشلار مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان خۇيزۇلارنى كۆدە - كۆرپىسىنى يۆدۈپ ئۆز ماكانىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى جان بېقىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن. كىشىنىڭ كۆڭلىنى بۇزىدىغان «غەربىي ئېغىزغا سەپەر» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان غەربىي شىمال خەلق قوشاقلىرىدا دەل ئەينى ۋاقىتتىكى پاجىئەلىك مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنگەن. ھازىرقى مىچۈەن ناھىيىسى ياڭماۋگۇڭ دادۈيىدىكى خۇيزۇلار — ئەنە شۇچاغلاردا چىڭخەي، شىنىڭ، نەنفىڭ، ياڭماۋگۇ قاتارلىق جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن. 1934 - يىلى ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا ئېلىپ كىرگەن ئون مىڭلىغان خۇيزۇ ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ماكانلاشقان. «ئىچكى ئىشلار بۆلۈمى» نىڭ 1935 - يىلدىكى تەكشۈرۈش مەلۇماتىغا قارىغاندا، شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ سانى نەچچە يۈز مىڭغا يەتكەن. ئۈرۈمچى، سانجى، قاراشەر قاتارلىق خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن سىرت ماناستا 36 تۈتۈن، 290

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نوپۇس؛ قۇمۇلدا 490 تۈتۈن، 1349 نوپۇس؛ شىخۇدا 120 تۈتۈن، 587 نومۇس؛ غۇلجىدا 980 تۈتۈن، 4786 نوپۇس؛ تارباغاتايدا 50 تۈتۈن، 170 نوپۇس؛ قەشقەر كونىشەھەردە 100 تۈتۈن، 344 نوپۇس؛ مارالۋېشىدا 11 تۈتۈن، 65 نوپۇس ئولتۇراقلاشقان. كېيىن ماچىڭشياڭ شىنجاڭغا باشلاپ كىرگەن ئاتلىق 5 - ئارمىيىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى خۇيزۇلار بولۇپ، مەزكۇر ئارمىيە شىنجاڭنىڭ تىنىچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، دەسلەپتە 22 - بىڭتۈەنگە، كېيىن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىگە كىرگۈزۈلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە تىبابەتچىلىك سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسىمۇ تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى.

ھازىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى خۇيزۇلار تىيانشان ئېتەكلىرىگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق مىللەتلىرىدىن قالسا شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس جەھەتتە 4 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

پۈتۈن شىنجاڭدىكى 86 ناھىيە، شەھەرنىڭ ھەممىسىدە خۇيزۇلار بار. ئاساسلىقى سانجى ناھىيىسى، غۇلجا شەھىرى، قورغاس ناھىيىسى، مىچۈەن ناھىيىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراشەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، شۇنىڭدەك تۇرپان، توقسۇن، پىچان قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان. خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى 30 مىڭدىن ئارتۇق رايونلاردىن ئۈرۈمچى

شەھرى، قورغاس ناھىيىسى، غۇلجا شەھرى، مىچۈەن ناھىيىسى قاتارلىق 5 شەھەر، ناھىيە؛ 10 مىڭدىن ئارتۇق بولغانلاردىن سانجى، قاراشەر قاتارلىق 10 ناھىيە، (شەھەر) بار. ئۇلاردىن باشقا خۇيزۇلار بولمىغان تاشقورغان، كەلپىن، چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي، ئاقتۇ، پوسكام قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە ھازىر خۇيزۇلار بار.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن قاراشەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى — شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ئىككى خۇيزۇ ئاپتونومىيە ئورنى بولۇپ تەبىئى بايلىقى ئىنتايىن مول. قاراشەر قايدۇدەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان، شەرقىي تەرىپى خوشۇت ناھىيىسىگە، غەربىي تەرىپى بۆگۈرگە، جەنۇبىي كۆنەس دەرياسى ياقىسىدىكى تۆمۈر قاپقا كورلىغا چېگرىداش. شىمالىي تەرىپى خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۆت ئەتراپىنى تيانشان تاغلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. جۇغراپىيىلىك شارائىتى جەھەتتىن غەربىي شىمال تەرىپى ئېگىز، شەرقىي جەنۇپ تەرىپى پەس بولۇپ، ئۇزۇن شەكىلدىكى قىيپاش دۆڭلىكتىن ئىبارەت. ئومۇمى يەر كۆلىمى مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. تاغلىرى قېلىن ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، شەمشاد، غازاڭ بولىدىغان قارىغاي قاتارلىق ئاتا قىلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى چىقىدۇ ۋە ئارقار، جەرەن، بۇغا، قىرغاۋۇلغا ئوخشاش ياۋايى ھايۋاناتلار ياشايدۇ. يەر ئاستى كۆمۈر، تۆمۈر، خروستال، چىرىمتال ۋە باشقا ئاز ئۇچ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رايدىغان مېتاللار زاپىسىغا مول، جىلغىلىرى-يېرى مۇنبەت، سۇيى مول تەبىئىي گۈزەل يايلاقتۇر. سانجى رايونىنىڭ شەرقىي تەرىپى جىجەنتەي ۋە قۇمۇل رايونى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى تىيانشان بىلەن چېگرىدىنىپ تۇرپان رايونى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي تەرىپى تارباغاتاي ۋىلايىتى بىلەن چېگرىداش، شىمالىي تەرىپى تارباغاتاي تاغلىرى ۋە ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ. سانجى چېگرىسى ئىچىدىكى تىيانشان ئېتەكلىرىنى بويلاپ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قېلىن ئورمانلىق ۋە مۇنبەت، گۈزەل يايلاقلار قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تازا كۆكلىدىكىدەك چارۋا ئۆستۈرۈش ئورنىدۇر. ئوتتۇرا قىسمىدىكى چەكسىز دالىدا، ئېرىق - ئۆستەڭلەر تەرەپ-تەرەپكە سوزۇلغان، سالا - سالا ئېتىزلار بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاشلىق ۋە پاختا، مايلىق زىرائەتلەرنى تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. مىچۈەننىڭ گۈرۈچى مەملىكىتىمىز ۋە چەتئەللەردە داڭلىق. بۇ يەرنىڭ مول ماددىي مەھسۇلاتى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى — خۇيزۇ ۋە سانجى تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېچىشى، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشتەك تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن قولايلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى.

## (3)

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگونىڭ تەدرىجىي هالدا يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودالىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەت كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ فېئودال هۆكۈمرانلىرى ئۆز هۆكۈمرانلىقىنى مۇستەهكەملەش ئۈچۈن، كۈچىنىڭ بېرىچە مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە هەر قايسى جاهانگىر دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە شىنجاڭنى تاران – تاراج قىلىشى نەتىجىسىدە خۇيزۇ ۋە باشقا هەرمىللەت خەلقى چىدىغۇسىز ئېغىر زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىدى. مانا بۇ خىل زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، خۇيزۇلار باشقا مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە دۆلەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى هۆكۈمرانلار ۋە جاهانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى باتۇرلارچە كۆرەش ئېلىپ باردى.

شەنفېڭ② يىللىرىدا، تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىي هەرىكىتى ۋە نيەنجۈن③ قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسىدە غەربىي جەنۇپتىن غەربىي شىمالغىچە كەڭ كۆلەمدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خۇيزۇ خەلق قوزغىلىڭى ئايىقى ئۈزۈلمەي كۆتىرىلىپ تۇر-
دى. شەنفېڭ 5 - يىلى (مىلادى 1855 - يىلى)، شىنجاڭ-
دىكى خۇيزۇ، ئۇيغۇر، خەنزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى
چاررۇسىيىنىڭ چۆچەكتىكى سودا چەمبىرىكىگە ئوت قويۇپ،
چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان ھەيۋىسىگە
دەككە بېرىپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداپ
قالدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شۇندىن كې-
يىنكى جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشىگە زور مەدەت بەردى.
تۇڭجىڭ 2 - يىلى (مىلادى 1863 - يىلى) 3 - ئايدا،شەن-
شى، گەنسۇ خۇيزۇ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ بىۋاستە تەسىرى
ئاستىدا، ئىلى جاڭجۈنى تۇرۇشلۇق كۆرە شەھرى ۋە سان-
دوزى (ساندۇخوزى) قاتارلىق كەنتلەردىكى 200 دىن ئار-
تۇق خۇيزۇلار، ياڭ شېنشىڭ، مائەرلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە،
تەلكىدە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان يېشىل توغلۇق يىگىدىكى
خۇيزۇ ئەمەلدار - لەشكەرلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ بىرلىك-
تە قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭچىلار «قۇلۇپنى تولغاپ
شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئىسكىلاتتىكى ھەربىي قو-
رال - ياراقلارنى بۇلاپ، لەشكەرلەرنى ئۆلتۈردى». 3 -
ئاينىڭ ئاخىرىدا بايانداي شەھىرىدىكى خۇيزۇلار شەھەر
سىرتىدىكى ئاچارچىلىقتا قالغان خەلق بىلەن بىرلىشىپ
قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشتى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ گەرچە مەغ-
لۇپ بولغان بولسىمۇ، بىراق تۇڭجىڭ 3 - يىلى شىنجاڭ-
نىڭ ھەممىلا يېرىدە ئەۋج ئالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ

مۇقەددىمىسىنى ئېچىپ بەردى.

تۇڭگىجىڭ 3 ـ يىلى (مىلادى 1864 ـ يىلى) شىنجاڭـ
دىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىـ
نىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش
كۈرىشى ئەۋج ئالدى. كۈرەش يالقۇنى تىيانشاننىڭ جەـ
نۇبىي ۋە شىمالىدىكى كۇچار، تۇرپان، قەشقەر، قاراشەر،
غۇلجا، چىتەي، جىمسار، سانجى، ماناس قاتارلىق جايلارنى قاپـ
لىدى. قوزغىلاڭ ئالدى بىلەن كۇچار ئۆگەن دەرياسى سۇ
قۇرۇلۇش مەيدانىدا پارتلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى
تۈن كېچىدە شەھەر سىرتىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ دېھـ
قانلىرى ماسەنباۋ، مالۇڭ ھەمدە يۈيمىنلىك خۇيزۇ ياڭچۈن
قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلىپ، يېقىن
ئەتراپتىكى ھەربىي پونكىتلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ شەھەر
ئىچىگە يۈرۈش قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۇچارـ
دىكى ھۆكۈمرانلىقىنى بىر يولىلا ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. كۇچار
شەھرىنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن ئىگەللەپ ئېلىنـ
غانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن
كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئەمەلدارلىرى
ئىنتايىن ساراسىمىگە چۈشتى. 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈرۈمچى
خەنزۇ قەلئەسى ئەتراپىدا خۇيزۇلار قوزغىلاڭ كۆتىرىپ مانجۇ
قەلئەسىنى قورشىۋالدى. شۇ كۈنى سانجىدىكى خۇيزۇلارـ
مۇ قوزغىلاڭ كۆتەردى. 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ماناستىكى
جەنۇبىي قەلئە يەرلىك خۇيزۇلارنىڭ قوزغىلاڭچى ئاممىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەرىپىدىن ئىگەللەپ ئېلىندى. 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى،
ئەنجىخەي، ساندۇخوزى، قارا سۇ قاتارلىق جايلاردىكى
خۇيزۇلار قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشتى. 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى
گۇچۇڭ (هازىرقى چىتەي ناھىيىسى) دىكى خۇيزۇلار قوز-
غىلاڭ كۆتەردى. ئارقىدىنلا مورى، قارا بالساغون (هازىرقى
داۋانچىڭ)، جىمسار قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇلار ئارقا-
ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتەردى. 9 ـ، 10 ـ ئايلاردا سانجى،
قۇتۇبى، قارائۇسۇ (قاراسۇ) كەينى ـ كەينىدىن ئۈرۈمچى-
دىكى خۇيزۇ خەلق قوشۇنى ۋە شۇ جايلاردىكى قوزغىلاڭچى
خەلق تەرىپىدىن ئىگەللەپ ئېلىندى، بۇ چاغدا ماناستىكى
خۇيزۇ خەلق قوشۇنى باش ئەگىم، كىچىك ئەگىم (هازىرقى
قاراماي شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇپ قىسمىغا توغرا كېلىدۇ) ئەترا-
پىغا هۇجۇم قىلغان ئىدى. چىتەي قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇ
خەلق قوشۇنلىرى زىنچۇەنزى، فۇكاڭ، مورى قاتارلىق شە-
ھەرلەرگە هۇجۇم قىلىپ ئىگەللىۋالدى. جەنۇبى ۋە شىمالىي
شىنجاڭدا كۆتىرىلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى قۇمۇل ۋاڭى
بېشىرۋاڭنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالدى. ئۇ قول ئاستىدىكى
ھەر قايسى تەيجى ۋە بەگلەرگە قوزغىلاڭنى جىددى باستۇ-
رۇش ۋە مۇداپىئەنى كۈچەيتىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى.
لېكىن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەزەپ ئوتىنى توساپ قې-
لىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، قۇ-
مۇلدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ خەلقلىرىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلى-
دى. 2 ـ ئۆكتەبىر توخۇل (ئاراتۆرۈك) دىكى خۇيزۇلار باج

مەھكىمىسىنى بۇلاپ تاشۇلىقا (ھازىرقى قومۇلدىكى «چىن-چىلك») ھۇجۇم قىلدى. 13 - ئۆكتەبىر غۇلجىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ ھەربىيلەر ۋە خەلق شەرقى دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلىپ غۇلجىنى ئىگەللىۋالدى. 19 - ئۆكتەبىر ۋە 27 - ئۆكتەبىر بارىكۆلدىكى خۇيزۇلار 2 قېتىم قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ باستۇرۇشىغا قارشىلىق كۆرسەتتى. 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كۆرە شەھىرىدىكى گىن لاۋبا ئىسىملىك بىر بايراقچى ئەسكەر ئامىمغا يېتەكچىلىك قىلىپ «مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۇيۇشتۇرۇپ»، «ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرە-دەك قوزغىلىپ، غۇلجىغا يۈرۈش قىلىپ» شۇ جايدىكى قوز-غىلاڭچىلار بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. كۆرەنىڭ شىمالىدىكى نەچچە مىڭلىغان خۇيزۇلار مەزكۇر شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا غۇلجىنى مەركەز قىلغان قوزغىلاڭچى ئارمىيىنىڭ ئادىمى كۆپىيىپ 30 مىڭغا يەتكەن ئىدى. مىلادى 1865 - يىل 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى باھار بايرىمىدا، سۆيۈيدىي، خۇيزۇ ۋە قازاق خەلقلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، تارباغاتاي شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى. 1866 - يىلى 1 - ئاپرېلدا خۇيزۇ ۋە قازاق خەلقلىرى شەھەرگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تارباغاتايدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. 6 -، 7 - ئايلاردا قوزغىلاڭچى خۇيزۇلار مەزكۇر شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ، جەنۇپقا قاراپ ئىلگىرىلەپ قاراسۇدا تۇدىلىن بى-لەن بىرلىشىپ، كۆرەشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ قوزغىلاڭلار

www.uyghurkitap.com

گەرچە ئىلگىرى - كېيىن مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، بىراق چاررۇسىيىگە زەربە بېرىش، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا تەسىس قىلغان ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوقان خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بوزرۇك بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۇسۇپ كىرىپ، شىنجاڭنىڭ قالايمىقان ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن تەدرىجى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىۋالدى. بۇ ۋاقىتتا چاررۇسىيە ئارمىيىسىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىلى رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ ئىگىلىۋالدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خۇيزۇلارمۇ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۆرەشكە پائال قاتناشتى.

شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى - شىنجاڭنىڭ «ئۆلكە مەركىزىدە چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلدى»، «كىشىلەر قەلبىنى تەۋرەتتى»، شىنجاڭ بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتىنىڭ يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىشىگە ئىلھام بەردى. دىخۇا (ئۈرۈمچى) قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرى يوشۇرۇن غۇلجىغا قېچىپ بېرىپ، غۇلجىدىكى ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىلى قوزغىلىڭىغا قاتناشتى ۋە رەھبەرلىك قىلدى. ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا ئىنقىلاۋىي پار-

تىيە كىشىلىرى خۇيزۇلار ئارىسىدا كۆپلىگەن خىزمەتلەر ئىش-لىنىپ باردى. ئۇلار ئالدى بىلەن خۇيزۇلار ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە زات مالىڭشۇۋ بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇ ئارقىلىق خۇيزۇ ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاپقا ئاۋاز قوشۇشىنى قولغا كەلتۈردى. ئىنقىلاۋىي پارتىيە ئەزاسى فېڭداشۇ غۇلجىدىكى شەنگەن شىن چوڭ مەسچىتتە (شەنشى ـ گەنسۇ يېڭى چوڭ مەسچىتى) خۇيزۇلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، خۇيزۇ، خەنزۇ خەلقى ئورتاق تەقدىرگە ئىگە ئىكەنلىكى، شۇڭا، بىرلىكتە قوزغىلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىنقىلاپنىڭ بۈيۈك ئىشلىرىنى ئورۇن-لاش لازىملىقى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىدى. بىر قاتار تەش-ۋىقات ۋە تەشكىللەش خىزمەتلىرى ئارقىلىق خۇيزۇلار ئىنقىلاپقا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ قوزغىلاڭغا قاتناشتى. خۇيزۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۇيغۇر تەيجى ھاكىم بەگ دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئەسكەر توپلاپ، ئىنقىلاپقا ياردەم بەردى.

1944 ـ يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىڭشى-يەنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن فاشىستىك ھۆ-كۈمرانلىق يۈرگۈزدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئازاپ-ئوقۇبەتتە ئۆتتى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا، شىمالىي شىنجاڭ-نىڭ ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ۋىلايىتىدە ئۇيغۇر، قازاق،

خۇيزۇ، موڭغۇل، شىۋەقا تارلىق ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى پارتلاپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي بازىسى قۇرۇلدى. بۇ، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تېچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسىدىكى خۇيزۇ پولكى ئۇرۇشتىكى قەھرىمانلىقى، غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلغانلىقى بىلەن شۆھرەت قازاندى. كۆرەڭگە قىلىنغان ھۇجۇمدا خىزمەت كۆرسەتتى. بۇ مەزگىل ئىچىدە خۇيزۇ ياشلىرى قاتناشقان ئىلغار تەشكىلات — «كۆرەش تەشكىلاتى» ئەركىنلىك، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا بىر قاتار كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى.

(4)

شىنجاڭنىڭ تەقدىرىمۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش بولدى. بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىلى قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ تارىخى ياڭزېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭشىسەي قاتارلىق مىلىتارىستلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە كىردى. ياڭزېڭشىن ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق

مىللەتلەرگە قارىتا، بىرى ئارقىلىق ئىككىنچىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش، ئۆز - ئارا دۈشمەنلەشتۈرۈش، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ «تۇتۇپ تۇرۇش» ھىيلە - مىكرىنى ئىشلەتتى. خۇيزۇ، ئۇيغۇرلاردىن پايدىلىنىپ «خەنزۇلارنى ئىسكەنجىگە ئالدى»، خەنزۇلاردىن پايدىلىنىپ «خۇيزۇ، ئۇيغۇرلارنى ئىسكەنجىگە ئالدى»، «ھەرقايسى مىللەت بىر - بىرىدىن ئەندىشە قىلىپ، يېنىكلىك بىلەن بىر ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى». 1928 - يىلى گورۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى جىن شۇرېن قولغا چۈشۈرىۋالدى. 1933 - يىلى جىن شۇرېننىڭ مىلىتارىست ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرى چوڭ ھوقۇقى مىلىتارىست شېڭشىسەي تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىندى. مىلىتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىغە ئېغىر بالايى - ئاپەت ئېلىپ كەلدى. تۈرلۈك ئالۋاڭ - ياساق ئېلىش، زورلۇق - زومبۇلۇق ئىشلىتىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ۋە ئەمگەكچى خەلقنى زار قاقشىتىپ يوقىرى ئۆسۈم شۈلۈۋېلىشلار شىنجاڭدىكى خۇيزۇ ۋە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى، نارازىلىق كەيپىيات كۈنسايىن كەسكىنلەشتى.

1938 - يىلى، جۇڭگو كومپارتىيىسى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەزالىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئۇلار ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 10 چوڭ پىروگ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رامىسىغا ئاساسەن خىزمەتنى پائال قانات يايدۇردى، پارتىيىمىزنىڭ ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭدەك مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش جەھەتلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1941 - يىلى، فېئودال مىلىتارىست شىڭشىسەي ئىلغارلىق نىقاۋىنى يىرتىپ تاشلاپ، كومپارتىيە ۋە خەلققە قارشى ھەقىقى قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ كومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ نۇرغۇنلىغان كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار ياشلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. شىنجاڭ جاھالەت گىرداۋىغا چۈشۈپ قالدى. خۇيزۇ يۇقىرى تەبىقە زىيالىسى دىنىي زات ماجۇڭلىياڭ قاتارلىق 70تىن ئارتۇق كىشىمۇ شىڭشىسەي تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىلغان «خۇيزۇلارنىڭ توپىلاڭ كۆتىرىش ئەنزىسى» دېگەن بەتنام بىلەن تۇرمىگە سولىنىپ، ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىدى.

شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن ئازادلىق ھارپىسىغىچە بولغان 40 يىلغا يېقىن مەزگىل ئىچىدە، خۇيزۇ خەلقى جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم ۋە بىيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمنىڭ قوشلاپ ئېزىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئىجتىمائى،

ئىقتىسادىي ئۇزۇن مۇددەتكىچە بىر ئورۇندا توختاپ قالدى ۋە قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، تەرەققىياتتىكى تەكشىسىزلىكمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ كەلدى. شىنجاڭ رايونىدىكى خۇيزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىپ كەلدى، ئاز ساندىكى رايونلاردا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلدى.

خۇيزۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى ئادەتتە شۇ جايدىكى خەنزۇ، ئۇيغۇرلارغا ئوخشاۋىراق كېتەتتى. زىرائەت تېرىشتا كۆپىرەك ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. يېزىلاردا خۇيزۇلارنىڭ سىنىپىي ئايرىمىسى ئىنتايىن ئېنىق، بەزى رايونلاردا خېلىلا گەۋدىلىك ئىدى. ئالايلۇق، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مىچۈەن ناھىيىسى ياڭخاۋگوڭ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىدە يەر ئىسلاھاتىدىن بۇرۇن، پۈتۈن كەنتتىكى تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 2/3 قىسمى، پۈتۈن كەنت نوپۇسىنىڭ 7%تىنى تەشكىل قىلىدىغان پومېشچىك، باي دېھقانلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان، ئەمدى پۈتۈن كەنت نوپۇسىنىڭ 70% تىنى تەشكىل قىلغان كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار پەقەت پۈتۈن كەنت تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 8.8%نىلا ئىگىلىگەن. پومېشچىكلار سىنىپى نۇرغۇن يەر ۋە باشقا نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، يەرنى ئىجارىگە بېرىش، ئىشچى ياللاش، جازانىخورلۇق قىلىشتەك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەپقەتسىز ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزگەن. پومېششىكلارنىڭ دېھقانلاردىن يىغىۋالىدىغان يەرئىجارىسى ئادەتتە مەھسۇلاتنىڭ 40%تى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. جازانىخورلۇق، (يۇقىرى ئۆسۈم) بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش چېكىدىن ئاشقان بولۇپ، ئەتىيازدا قەرزگە بەرگەن بىر دادەن گۈرۈچكە كۈزدە ئىككى دادەن ئۈندۈرۈۋالغان.

شەھەرلەردىكى خۇيزۇلار ئىچىدە يىمەكلىكلەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەر كۆپ سانىنى ئىگەللەيدۇ. بىر قىسىم خۇيزۇلار ئىشەك ھارۋىسى ھەيدەش، تۆگە يېتىلەش، سۈت سېتىش ۋە قول ھۈنەرۋەنلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. كونا جەمئىيەتتە ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ زورلۇق بىلەن بۇلاپ - تالىشى ۋە ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن نامراتچىلىقتا ئۆتكەن.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، خۇيزۇلارنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىمۇ خېلىلا قالاق ئورۇندا تۇراتتى. ياڭزىڭشىن خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر قالاق، مائارىپ قىيىنچىلىق، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇتۇش كىتابلىرى كەمچىل» دېگەنلەرنى باھانا قىلىپ يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىشقا قارشى تۇردى، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ «مائارىپى ئىچكىرىدىكى بىرەرچوڭ ناھىيىنىڭ مائارىپىغا، بىر ناھىيە-

نىڭ مائارىپى ئىچكىرىدىكى چوڭراق كەنتنىڭ مائارىپىغا يەتمەيتتى». جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە پۈتۈن شىنجاڭدا پەقەت 59 باشلانغۇچ مەكتەپ، 4132 نەپەر ئوقۇغۇچىسى، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە بىردارىلمۇئەللىمىن بولۇپ 218 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. شىڭ شىسەي دەۋرىگە كەلگەندە، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى سەۋەبىدىن مەكتەپلەر بۇرۇنقىدىن بىر قەدەر كۆپەيدى. 1943 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى تۈرلۈك مەكتەپلەردىكى خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار 5 مىڭدىن ئاشقان. ئەمەلىيەتتە بۇ مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەن سان. خۇيزۇ خەلقى ئۇزۇن مۇددەت سىياسىي زۇلۇم ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ كەلگەنلىكتىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى خۇيزۇ ئاممىسىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشقا كۈچى يەتمەيتتى. خۇيزۇلارنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىزلار ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساۋاتسىز ئىدى. مەدەنىي تۇرمۇشى دىنىنىڭ تۈرلۈك تەسىرى ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، خۇيزۇ خەلقىنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكى ئەسلا يوق ئىدى. كىشىلەر بىرەر مەيدان دراما كۆرسە ياكى بىرەر ناخشا ئېيتسىمۇ ئاخۇنلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايتتى.

(5)

1949 ـ يىلى، جۇڭگو خەلقى ئاخىرى جاھانگىرلىك،

فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ جۇڭگودىكى هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئەسىرلەردىن بۇيان هۆكۈمران سىنىپلار پەيدا قىلغان مىللىي زۇلۇم ۋە كەمسىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. خۇيزۇلارمۇ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىرگە يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشتى. 1951 - يىلدىن كېيىن ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەركىتى ئېلىپ بېرىلىپ، كەڭ يېزا - قىشلاقلاردىكى خۇيزۇ خەلقىگە يەر، تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۆي ۋە ئاشلىق بۆلۈپ بېرىلدى. خۇيزۇ دېھقانلىرىنىڭ گەجگىسىدىن بېسىپ كەلگەن پومىششىكلار سىنىپى ئاغدۇرۇلۇپ، فېئودالىق زۇلۇم ۋە ئېكىسپىلاتاتسىيە يوقىتىلدى، بارلىق دىنىي فېئودالىق ئىمتىيازلار بىكار قىلىنىپ، خۇيزۇ خەلقى سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۈزۈل-كېسىل قەد كۆتەردى.

خۇيزۇ خەلقىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىمىز خۇيزۇ خەلقىنىڭ مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈشىگە دەل ۋاقتىدا رەھبەرلىك قىلدى ۋە ياردەم بەردى. تولۇق تەييارلىق كۆرۈش ۋە كېڭىشىش ئارقىلىق، خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان سانجى ۋە قاراشەھەردە خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى

قۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان خۇيزۇلارمۇ ئۆز ۋەكىللىرىنى سايلاپ ھەردەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەتكە قاتناشتۇردى.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى 1954 - يىلى 7 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، مىچۈەن، فۇكاڭ، جىمسار، چىتەي، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، سانجى، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق 9 ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەۋەلىكىدە خۇيزۇ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، مانجۇ، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق 13 مىللەت ئولتۇراقلاشقان.

قاراشەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى 1954 - يىلى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قۇرۇلغان. ئۇ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدۇ. ئاپتونوم ناھىيىدە جەمئىي ئىككى بازار، ئۈچ گوڭشې بار. ناھىيىدە خۇيزۇ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، موڭغۇل، قازاق، قىرغىز، تاتار، مانجۇ قاتارلىق 10 نەچچە مىللەت ئولتۇراقلاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇل، خۇيزۇ، خەنزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشى پارتىيە، مىللىي سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ ۋە توغرىلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ، خۇيزۇ خەلقىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپ-

چانلىقىغا زور ئىلھام بېرىپلا قالماستىن، بەلكى تارىختىن قېپقالغان بەزى مىللىي ئاداۋەتلەرنى تېزدىن تۈگىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئىشەنچى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى. پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، خۇيزۇلار پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە، مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق يولىغا قويۇلغان، ئىقتىسات - مەدەنىيەت گۈللەنگەن سوتسىيالىزىم داغدام يولىغا ماڭدى.

پارتىيىمىز ھەرقايسى قېرىنداش مىللەت كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە باشتىن - ئاخىر ئېتىۋار بېرىپ كەلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق خۇيزۇلار ئىچىدىن زور تۈركۈمدىكى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ھازىر 10 مىڭغا يېقىن خۇيزۇ كادىر پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئورگان، مەكتەپ، زاۋۇت، كان - كارخانا، تۆمۈر يول، قاتناش، سەھىيە - تىببىي داۋالاش قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنىڭ ئىچىدە بىرسى خۇيزۇ. سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقانلار 11 نەپەر، ناھىيە دەرىجىلىك 120 نەپەر، گۇڭشې دەرىجىلىك 500 نەپەر ئىكەن. خۇيزۇ كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيىمىز، خۇيزۇ رايونلىرىدا پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىللىرىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلد-

جۇرۇشقا ئالاھىدە ئېتىۋار بەردى. ھەر قايسى ئورۇنلاردا مەيدانغا چىققان ئىلغارلار پارتىيە ۋە ئىتتىپاق تەشكىلىگە ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىندى. سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن شىنجاڭدا 8 مىڭدىن ئارتۇق خۇيزۇ مۇنەۋۋەرلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، 20 مىڭدىن ئارتۇق خۇيزۇ مۇنەۋۋەر ياشلىرى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، ئۇلار ھەر قايسى سەپلەردە مەيدانغا چىققان ئىلغار، نەمۇنىچىلارغا ئوخشاش، خۇيزۇ خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە يېتەكلەپ شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە زامانىۋىلاشقان يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشتىكى تايانچى كۈچكە ئايلاندى. بولۇپمۇ نۇرغۇنلىغان خۇيزۇ ئاياللىرى ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئەرلەرگە ئوخشاش، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن جاپالىق خىزمەت ۋە ئەمگەك قىلىپ، يېرىم دۇنيالىق رولىنى ئادا قىلماقتا. 1979 - يىللىق مەملىكەتلىك «8 - مارت» قىزىل بايراقدارلارنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭدىكى خۇيزۇ ئاياللاردىن 8 نەپىرى بار.

ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققى قىلدى. 1949 - يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتتا، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە خۇيزۇ ئىستۇدېنتتىن پەقەت 2 نەپەر، ئاددىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان خۇيزۇ ئوقۇغۇچى ئاران 47 نەپەر،

باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقىنى 4490 نەپەر ئىدى.
1979 ــ يىلغا كەلگەندە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان خۇيزۇ ئىستودېنتلار 112 نەپەرگە، ئاددى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنى 2601 نەپەرگە، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقىنى 76 مىڭ 319 نەپەرگە يەتتى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپكە كىرىپ، ئوقۇشسىز قېلىش ئەھۋالى ئاساسەن تۈگىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ 20 نەچچىسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. پەن تەتقىقاتى، قۇرۇلۇش ۋە سەھىيە ــ تىببى داۋالاش سەپلىرىدىمۇ كۆپلىگەن ئوتتۇرا ياش ۋە ياش خۇيزۇ زىيالىيلىرى بار.

پارتىيىنىڭ غەمخورلىقى ۋە پەرۋىش قىلىشى ئاستىدا، مۇزىكا، سەنئەت، ئۇسسۇل، ئەدەبىيات ــ سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭدىكى خۇيزۇلاردىن كۆپلىگەن كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى خادىملار يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق جىڭجۇي تىياتىر ئۆمىكىنىڭ سەنئەت مەسلىھەتچىسى پىشقەدەم سەنئەتكار مازۇيلىيانىڭ ئاۋازى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، پۈتۈن شەرقىي شىمالدا داڭلىق. ماۋۇجۇنمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە داڭلىق مۇنەۋۋەر ئارتىست. ئاتاقلىق ئىسكىرىپكىچى ماخاۋشەن چېلىش سەنئىتى جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن بولۇپلا قالماستىن، نۇرغۇن مۇزىكىلار-

نىمۇ ئىجات قىلدى. ئۇنىڭ يالغۇز ئىسكىرىپكىلىق مۇنەۋۋەر ئەسىرى «شىنجاڭدا باھار» تۈركىستىرلاشتۇرۇلۇپ دۆلەت ئىچكى ۋەچەتئەلدە تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. خۇيزۇ ناخشىچى مايۈيمىنىڭ ناخشىلىرىمۇ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىغە ناھايىتى تونۇش ۋە ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ.

(6)

خۇيزۇ خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. ئىسلام دىنى خۇيزۇلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسىدە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچىلار 5 پەرىزنى چوقۇم ئادا قىلىش بەلگىلەنگەن: (1) تاۋھىد (ئىمان كەلتۈرۈش)؛ (2) كۈنىگە بەش ۋاق ناماز ۋە جۈمە نامىزىنى ئۆتەش؛ ناماز مەسچىتتە ئوقۇلىدۇ. ئۆيدە ياكى دالىدا پاكىز يەردە ئۆتەشكىمۇ بولىدۇ. نامازدىن بۇرۇن چوقۇم چوڭ ياكى كىچىك تەرەت ئېلىنىدۇ. (3) يىلدا بىر ئاي روزا تۇتۇش؛ (4) ھۆشۈر زاكات تاپشۇرۇش؛ (5) ئىقتىسادىي يار بەرگەن ئەھۋالدا بىر قېتىم ھەج تاۋاپ قىلىش كېرەك. (ۋاقتى ھەج ئېيىدا) ھەج قىلىپ كەلگەنلەر ھاجى بولىدۇ.

ئىسلام دىنى تەرەققىي قىلىش جەريانىدا بىر قانچە مەزھەپلەرگە ئايرىلدى. شىنجاڭدىكى

www.uyghurkitap.com

خۇيزۇلار ئاساسەن قەدىمقى دىن (كونا دىن) مەزھىپىگە كىرىدۇ. خەلىپىلىك جەھەتتىن ئايرىغاندا كۆپىنچىسى «خوپىيە» خەلىپىلىكىگە كىرىدۇ، ئادەتتە «چوڭ مەسچىت» دەپ ئاتىلىدۇ. قالغانلىرى جەھرىيە (ئاشكارا) خەلىپىلىكىگە كىرىدۇ، بۇلار ئادەتتە «كىچىك مەسچىت» دەپ ئاتىلىدۇ، يەنە ئاز ساندىكىسى «قەدىرىيە» مەزھىپىدىكىلەر. بۇندىن باشقا «ئىقۋانى» (قېرىنداشلار) مەزھىپىمۇ شىنجاڭدىكى بىر قىسىم خۇيزۇلار ئارىسىدا مەلۇم تەسىرگە ئىگە.

ئۆتمۈشتە يېڭى - كونا ھەرقايسى مەزھەپتىكىلەرنىڭ دىنىي تەشەببۇس ۋە كونكرېت مۇراسىملاردىكى ئادەت - ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن دائىم تالاش - تارتىش، چەتكە قېقىش بولۇپ تۇراتتى. تارىختىن بۇيانقى ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ئەكسىيەتچى دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر دائىم مانا بۇ خىل ئاجىزلىقتىن پايدىلىنىپ ئاممىنى قۇترىتىپ، مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا رىقابەت پەيدا قىلىش ئارقىلىق پايدا ئېلىپ كەلدى. خۇيزۇ خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقىغا زور زىيان - زەخمەت سالدى. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئوخشىمىغان دىنىي مەزھەپتىكىلەرنىڭ بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، ئۆز ئارا كەمسىتىشنى تۈگىتىش ھەققىدە تەلىم بېرىپ كەلگەچكە تارىختىن قېپقالغان يۇقىرىقىدەك نورمال

بولمىغان ئەھۋاللار توپتىن ئۆزگەردى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «خۇسى ـ خۇيلار» دەسـلىۋىدە ئوخشىمىغان تىللارنى ئاساسلىقى ئەرەپ، پـارس ۋە خەنزۇ تىلىنى قوللانغان ئىدى. جەمئىيەت تەرەققىياتى داۋامىدا خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بىللە ياشاش تۇپەيلىدىن خەنزۇ تىلى تەدرىجى ھالدا ئۇلارنىڭ ئورتاق تىلىغا ئايلاندى. خەنزۇ تىلىنى قوللىنىش خـۇيزۇلارنىڭ ئىقتىسات ـ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققى قىلىشىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ھازىـرغا قەدەر خـۇيزۇلارنىڭ تىلىدا قىسمەن ئەرەپ ۋە پارس سۆزلۈكلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: «سالامۇ ئەلەيكۇم»، «ھـارام»، «دوست»، «دۈشـمەن»، «ئاللا»، «خۇدا» قاتارلىقلار خۇيزۇلارنىڭ ئادەت سۆزىگە ئايلانغان. غۇلجا، تۇرپان، توخسۇن، پىچان ۋە جـەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى خۇيزۇلار ئۇيغۇر تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدۇ. چۆچەك، ئالتاي رايونلىرىدىكى خۇيزۇلار ئاساسىي جەھەتتىن قازاقچە سۆزلىيەلەيدۇ. قاراشەھـەر ئەتراپىدىكى خۇيزۇلار موڭغۇل تىلىنى بىلىدۇ. يـۇقىرىدا ئېيـتىلغان رايونلاردىكى خۇيزۇلار كۈندىلىك تـۇرمۇشتا ئۇيـغۇر، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ سـۆزلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ.

## ئىزاھلار

① خۇسى - خۇي (回回) — تاڭ ۋە سۇڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ئېلىمىزگە كېلىپ يەرلىكلىشىپ قالغان ئەرەب، پارس، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ۋە باشقا ئىسلام دىنىدىكى خەلقلەرنىڭ نامى ھەم ھازىرقى تۇڭگانلارنىڭ بوۋىسى. يۈەن ۋە مىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى غەربىي رايوندىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى. مىڭ ۋە مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ئاساسەن تۇڭگانلارنى كۆرسىتىدۇ. (داۋۇت سايىمنىڭ «غەربىي رايون مىللەتلەر تارىخىدىن ئىزاھلىق لۇغەت»قا قاراڭ).

② شەنفېڭ (咸丰) — چىڭ سۇلالىسى پادىشاسى ۋېيزۇڭنىڭ يىلنامىسى (مىلادى 1851 - 1861)

③ نيەنجۈن (捻军) — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەنخۇينىڭ شىمالىي قىسمى ۋە خېنەن ئەتراپلىرىدا ئۆتكەن قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنى (مىلادى 1852 — 1863 - يىللار)

## ئىسلام دىنىنىڭ دۆلىتىمىزدە تارقىلىشى

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا دۆلە-
تىمىزگە سىڭىپ كىرىپ تارقىلىشقا باشلىغان. «مىن كى-
تاۋى»①دا: «مۇھەممەتنىڭ ساھابىلىرىدىن تۆت دانىشمەن
تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۇدې پادىشا ۋاقتىدا جۇڭگوغا كەلگەن،
ئۇلارنىڭ بىرسى گۇاڭجۇدا، بىرسى ياڭجۇدا، قالغان ئىك-
كىسى جۇچۇەندە دىن تارقاتقان.» دەپ خاتىرىلەنگەن.
مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ: «ناۋادا بىلىم، يىراقتىكى
جۇڭگودا بولسىمۇ ئىزلىنىپ ئۆگىنىش كېرەك» دىگەن
سۆزى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىم ئىگىلەش ئارزۇسىغا
ئىلھام بەرگەن. مىلادى يەتتىنچى ئەسىردىن باشلاپ ئەرەپ
مۇسۇلمانلىرى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق يوللىرى ئارقىلىق جۇڭ-
گوغا كېلىپ سودا ۋە ساياھەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللى-
نىپ، ئىسلام دىنىنى تارقاتقان.

تاڭ، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى مەزگىلى، ئىسلام دىنى
ئىلىمىزگە تارقالغان ئاساسىي مەزگىل ھېساپلىنىدۇ. تارى-
خىي كىتاپلاردا خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋ
زۇڭ 2 - يىلى (مىلادىنىڭ 651 - يىلى) 8 - ئايدا،
ئەرەپ ئىمپىرىيىسىنىڭ 3 - خەلىپىسى جۇڭگوغا ئەلچى
ئەۋەتكەن. ئەلچى جۇڭگوغا كېلىپ چاڭئەندە پادىشا گاۋ

① مىن (閩) — ھازىرقى فۇجيەن ئۆلكىسى. 5 دەۋر مەزگىلىدىكى
10 پادىشالىق دۆلەتنىڭ بىرى (مىلادى 907 — 945).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زوڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، گاۋزوڭ خانغا ئۆز دۆلىتىنىڭ نۇرغۇن ئىچكى ئەھۋالى جۈملىدىن مىللىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى سۆزلەپ بەرگەن. بۇ ئەرەپ مۇسۇلمانلىرى ئەلچىسىنىڭ جۇڭگوغا بىرىنچى قېتىم كېلىشى بولغاچقا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىدا بۇ يىل ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشىنىڭ باشلىنىشى دەپ قاراپ كېلىنمەكتە. تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزوڭ 2 - يىلىدىن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە بولغان 5، 6 يۈز يىل ۋاقىت ئىچىدە ئەرەپ ئىمپېرىيىسى جۇڭگوغا 47 قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. بۇ مەزگىلدە كۆپلىگەن ئەرەپ مۇسۇلمان سودىگەرلىرى ۋە پارس سودىگەرلىرى جۇڭگونىڭ گۇاڭجۇ، ياڭجۇ قاتارلىق جايلىرىغا كېلىپ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ دۆلىتىمىزدە تارقىلىشىدا زور رول ئوينىغان.
سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە(مىلادىنىڭ 960 - يىلىدىن 1279-يىلىغىچە)جۇڭگو - ئەرەپ دېڭىز قاتنىشى ناھايىتى تەرەققى قىلغان. جۇڭگو ھۆكۈمىتى گۇاڭجۇ، جۈەنجۇ، خاڭجۇ قاتارلىق شەھەرلەرنى مەخسۇس خەلقارا سودا پورتى قىلىپ بەلگىلىگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى چەتئەللىك سودىگەرلەر ئىچىدە ئەرەپلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇلار گۆھەر، ئۈنچە - مارجان، ياقۇت، پىل چىشى، لەھەڭ مۈشكى، مەستەكى رۇمى، مۇرمەككى قاتارلىق قىممەتلىك ماللارنى ئېلىپ كېلىپ، جۇڭگودىن يىپەك، يىپەك توقۇلمىلار، فار-

خۇر قاچا ـ قۇچىلار، چاي قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ ئەرەپ قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ كەتكەن. جۇڭگونىڭ چاڭـ ئەن، گۇاڭجۇ، ياڭجۇ قاتارلىق جايلىرىدا مەخسۇس ئەرەپ ماللىرىنى ساتىدىغان بازارلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئالاقىسى ئەۋج ئالغان ئىدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن ئەرەپلەر سودا تىجارىتى بىلەن جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى پورتلىرىدا ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇلارنىڭ خەلىـ پىلىرى بولۇپ، ئۇلار دىنىي پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان، ھەق تەلەپ داۋالىرىنى باشقۇرغان، مۇسۇلمانـ لار ئىچىدىكى تالاش ـ تارتىش، ماجرالارنى ھەل قىلغان. ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچـ رىمىغان. ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا يەنە مۇسۇلمانلار قەۋرىسـ تانلىقى، ئۆزلىرى سالدۇرغان مەسچىتلەر بار بولغان، گۇاڭجۇدىكى ئەۋلىيانى سېغىنىش مەسچىتى(怀圣寺) جۇچۈەندىكى ئارام بەخش مەسچىتى (清净寺) خاڭجۇدىـ كى ھەقىقى دىن مەسچىتى(真教寺) كۇنمىڭدىكى مەسچىت، شىئەندىكى ئويغىتىش مەسچىتى (化觉寺) شاڭخەيدىكى شاپتۇللۇق كىچىك مەسچىت، بېيجىڭدىكى نيۇجې مەسچىتى بىلەن دۇڭسى مەسچىتى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاتاقلىقلىرى بولۇپ دىنى پائالىيەتلەر ئىنتايىن ئەۋج ئالغان.

تاڭ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز

ياقىسىدىكى پورتلىرىدا سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەرەپ، پارىسلىق «يەرلىككىلىشىپ كەتكەن مېھمانلار»، ھەتتا ئۇزۇن مۇددەت جۇڭگودا ئولتۇراقلىشىپ قالغان «دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىپ يەرلىككىلىشىپ كەتكەن سودىگەر مۇھاجىرلار» كۆزگە چېلىقىشقا باشلىغان. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى دەۋردە (مىلادىنىڭ 1271 ـ يىلىدىن 1368 ـ يىلىغىچە) ئىسلام دىنى دۆلىتىمىزدە تېخىمۇ كەڭ تارقالغان. 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار غەرپكە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان پارىسلار، ئەرەپلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت كىشىلىرى ئولجا سۈپىتىدە جۇڭگوغا ئېلىپ كېلىنىشكە ئەگىشىپ ئۇلار ئېتىقات قىلىدىغان ئىسلام دىنىمۇ جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. بۇ مەجبۇرى كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئەرەپلەرنىڭ كۆپ قىسمى «چارلىغۇچى قوشۇن»غا كىرگۈزۈلگەن. يەرنى ئاتالمىش «مۇھاپىزەت نوپۇسى» قىلىنىپ، چېگرا رايوننى مۇھاپىزەت قىلىشقا قويۇلغان. ئۇلار تېنچ ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇرۇش ۋاقتىدا جەڭگە قاتناشقان؛ بەزىلىرى مەھكىمىلەرگە كىرگۈزۈلگەن، ھۈنەر ئۇستىلىرى بولۇپ يېتىشكەن؛ بەزى ئانا ـ بالىلار موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە چاكارلىققا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. ئەرەپلەرنىڭ بەزى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە خېلىلا يۇقىرى سىياسى

ئورۇنغا ئىگە چوڭ مۇلۇكدارلار بولغان. تارىخىي ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باش ۋەزىرى، ۋەزىر قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 32 ئادەمگە يەتكەن، يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ئەمەل تۇتقانلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ بولغان. شەرقتىن كەلگەن مۇسۇلمان سودىگەرلەر دۆلىتىمىزنىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەرلىرىدە يەنىلا سودا-ئىشلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان. ئەينى ۋاقىتتىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى، ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، دۆلەت ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقىنى تۆت دەرىجىگە بۆلگەن: يەنى موڭغۇللار، رەڭدار كۆزلۈكلەر، خەنزۇلار ۋە جەنۇبلۇقلار. رەڭدار كۆزلۈكلەر، دېگىنى — ئەرەب، پارس قاتارلىق غەربىي ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بىلدۈرگەن. بۇ مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلار بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلغان. بۇ بىر بۆلۈم كىشىلەر ئاساسەن گەنسۇ، نىڭشيا ئەتراپلىرىغا تارقالغان. يەنە بەزىلىرى خېنەن، شەنشى ۋە يۈننەن قاتارلىق جايلارغا ماكانلاشقان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ بىر بۆلۈم كىشىلەر «خۇيسى-خۇيلار» دەپ ئاتالغان. قەدىمقىلار «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خۇيسى — خۇيلار ھەممىلا جاينى قاپلىغان» دەپ قارىغان. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىسلام دىنىمۇ جۇڭگونىڭ كەڭ تۇپرىقىغا تارقالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇندىن تاشقىرى، يۈەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرى، ئە-
رەپلەر شەرققە قاراپ كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بارغان مەز-
گىلدە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان. بۇ رايون-
لاردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز دىنىنى ئۆزگەرتىپ ئىسلام
دىنىغا ئېتىقات قىلغان. مىلادىيە، ئالدىنقى ئون ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئىسلام
دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان سامانىلار خاندانلىقى ئىسلام
دىنىنى قەشقەرگە تارقاتقان، كېيىنچە پۈتۈن شىنجاڭغا
كېڭەيگەن. شۇنداق قىلىپ يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى
دەۋرىدە دۆلىتىمىزدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 10 نەچچە
ئاز سانلىق مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان. ئۇلار
خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاجىك، تاتار، قىرغىز،
سالا، دۇڭشياڭ، باۋئەن قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەردىن
ئىبارەت. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى سۈننى مەزھىپىگە كىرىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق
دېڭىزچىسى جېڭ خې ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەتتە قېتىم
«غەربىي ئوكيانغا سەپەر قىلغان»، ئۇنىڭ بىلەن بىللە
بارغان ماخۇەن، خەسەن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇل-
مانلار. مىلادىنىڭ 1430 - يىلى جېڭ خې ئاخىرقى قېتىم غەر-
بىي ئوكيانغا سەپەر قىلغاندا ئەرەپ يېرىم ئارىلىنى بېسىپ
ئۆتۈپ ئىسلام دىنىنىڭ بۆشۈكى مەككىگە بېرىپ ھەج قىل-
غان. «ئەرەپچە لېپىلىگىنىڭ خەرىتىسى»نى سىزىپ بېرىپ،
جۇڭگو خەلقى بىلەن ئەرەپ خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوست-

لمۇقنى كۆچەيتىشتە تۆھپە قوشقان. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئىسلام دىنىنىڭ دۆلىتىمىزدە كەڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، قۇرئانمۇ كەڭ تارقالغان. دۆلىتىمىز مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە تارقالغىنى تەقلىت قىلىپ كۆچۈرۈلگەن قولىيازما نۇسخىسى بولغان. مىلادىنىڭ 1862 - (چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجىڭ 1 - يىلى)، ياغاچ مەتبەدە نەشر قىلىنغان قۇرئان مەيدانغا كەلگەن، بۇ ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىر ئىجادىيىتى، ئىسلام مەدەنىيىتى ئۈچۈن قوشقان زور تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ياغاچ مەتبە تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئېلىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. تەخمىنەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قۇرئان دۆلىتىمىزدە خەنزۇچىگە قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان. 1927 - يىلى تولۇق تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. 1931 - يىلى «قۇرئاننىڭ خەنزۇچە تەفسىرى»، 1946 - يىلى «قۇرئان تەفسىرى» قاتارلىقلار نەشر قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمىتىمىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلدى، ئۇلارنىڭ دىنىي قائىدە - يوسۇن ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىندى. 1953 - يىلى بېيجىڭدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى. مۇسۇلمان-

www.uyghurkitap.com

لارنىڭ دىنىي پەرىزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئىسلام جەمئىيىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 11 قېتىم ھەج قىلىش ئۆمىكى ئەۋەتىپ، سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى ۋە مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرىنىڭ قىزغىن، دوستانە كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلارچە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ دىنىي ۋەكىللەر ئۆمىكى ياكى ئالىملىرىنى بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلىشقا كۆپ قېتىم ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كۆپلىگەن دوست دۆلەتلەردىكى ئىسلام دىنىي ئالىملىرىنى دۆلىتىمىزدە زىيارەتتە بولۇش ياكى لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقى ۋە دوستلۇقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ھازىر دۆلىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 13 مىليوندىن ئارتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇلار 5 مىليوندىن كۆپرەكنى تەشكىل قىلىدۇ.

## ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى
(5)

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى شەھەرلىك
كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات كومىتېتى تۈزگەن
«1 - ئاۋغۇست» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1986 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇن ئەمەت
مۇقاۋىنى رېن مىڭفېي لايىھىلىگەن
ھۆسنىخەتنى مۇھەممەتخوجە يازغان

**乌鲁木齐文史资料**
维文第五辑
中国人民政治协商会议乌鲁木齐市委员会
文史资料研究委员会编
七二二〇工厂印刷
1986年5月